## 3 ـ قىسىم

# مۇقەددەس كىتاپ[1]

[1] مۇقەددەس كىتاپ: «كىتابۇل مۇقەددەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ قەدىمقى دەۋىرلەردە خۇدا تەرىپىدىن ئىسرائىللارغا بېرىلگەن تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر پۈتۈكلىرىنىڭ ئومومى توپلىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنگىلىزچە Holly Bible، خەنزۇچە 圣经 دېيىلىدۇ.

## قۇرئاندىكى مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

● يەھۇدىلار ۋە ناسارالار (مەسىھلەر) ئەھلى كىتاپلاردۇر (خۇدا تەرىپىدىن مۇقەددەس كىتاپ بېرىلگەنلەر)، ئۇلارنىڭ قولىدا ئاللادىن كەلگەن دەلىل بار. (قۇرئان 2-سۈرە 44،40،113-ئايەتلەر؛ 2-سۈرە 140-ئايەت)

● مۇقەددەس كىتاپ ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، بەخت-سائادەت ئەكىلىدىغان كىتاپتۇر. شۇڭا ئادەملەر بۇ كىتاپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاللانىڭ رەھىم شەپقىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. (قۇرئان 6-سۈرە 155-ئايەت)

قۇرئان مۇقەددەس كىتاپ (تەۋرات، ئىنجىل) نىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، قۇرئاندا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرىلەر بار:

● قۇرئان بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ جۈملىدىن مۇھەممەتنىڭ ۋاقتىدىكى يەھۇدىلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات بىلەن مەسىھىيلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىلنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 97،91،89،83،41،40-ئايەتلەر؛ 3-سۈرە 3-ئايەت؛ 4-سۈرە 81،47-ئايەتلەر؛ 5-سۈرە48-ئايەت؛ 6-سۈرە 92-ئايەت؛ 7- سۈرە 157-ئايەت؛ 10-سۈرە 37-ئايەت؛ 12-سۈرە 111-ئايەت؛ 35-سۈرە 31-ئايەت؛ 46-سۈرە 30،12-ئايەتلەر )

● قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا قۇرئان تىلغا ئېلىنغان دەيدۇ. (قۇرئان 26-سۈرە 196-ئايەت)

● ئەھلى كىتاپلار (يەنى يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر) قۇرئانغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. (قۇرئان 13-سۈرە 43-ئايەت)

●مۇقەددەس كىتاپ بىلەن قۇرئان ئوخشاش نوپۇزغا ئىگە. (قۇرئان 4-سۈرە 60-ئايەت؛ 9-سۈرە 111-ئايەت؛ 28-سۈرە 49-ئايەت؛ 29-سۈرە 46-ئايەت)

مۇھەممەت بىلەن مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

● مۇھەممەت مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەقلىقىغا ئىشىنىدۇ. (قۇرئان 42-سۈرە 15-ئايەت)

● مۇھەممەت ئەھلى كىتاپلارنى ئۈرنەك قىلىدۇ. (قۇرئان 6-سۈرە 90،89-ئايەتلەر)

قۇرئان تەۋراتنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ

● قۇرئان موسا ۋە ئىبراھىملارغا چۈشۈرۈلگەن كىتاپنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 87-ئايەت؛ 53-سۈرە 37،36-ئايەتلەر)

قۇرئاندىكى ئاللا بىلەن تەۋراتنىڭ مۇناسىۋىتى

• ئاللا مۇسا پەيغەمبەرگە تەۋرات ۋە توغرا يولنى بەردى. ئىسرائىللار ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى روشەن دەلىل، يېتەكلىگۈچى، تەربىيىلىگۈچى، خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە توغرا يولى دەپ ئەمەل قىلدى. (قۇرئان 2-سۈرە 53-ئايەت؛ 28-سۈرە 43-ئايەت؛ 40-سۈرە 53،54-ئايەت؛ 42-سۈرە 15-ئايەت) .

• ئادەملەر مۇقەددەس كىتاپنى قوبۇل قىلىشتىن ئىككىلەنمەسلىكى كېرەك. (قۇرئان 32-سۈرە 23-ئايەت )

• ئاللا تەۋراتنى نازىل قىلدى، ئۇنىڭدا ئاللانىڭ قانۇنى، يولى ۋە نۇرى بار. ئادەملەر ئۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 5-سۈرە 43،44،45-ئايەتلەر)

• قۇرئاندا ئەيسا مەسىھ تەۋراتنى تەستىقلايدۇ دېيىلگەن. (قۇرئان 3-سۈرە 52-ئايەت؛ 5-سۈرە 46-ئايەت؛ 61-سۈرە 6-ئايەت )

• ئاللا چۈمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەرگە تەۋراتتا چىڭ تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. (قۇرئان 19-سۈرە 12-ئايەت)

• ئاللا ئۆزىنىڭ روھىنى مەريەمنىڭ تېنىگە پۈلەپ كىرگۈزىدۇ. مەريەم مۇقەددەس كىتاپقا ئىشىنەتتى. (قۇرئان 66-سۈرە 12-ئايەت)

• ئاللا زەبۇردا، زېمىنغا ياخشى نىيەتلىك بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ-دېگەن. (قۇرئان 21-سۈرە 105-ئايەت)

يوقۇرقى ئايەت ئەمىلىيەتتە زەبۇرنىڭ 37-پارە 29-مىسرادىكى «ھەققانى ئادەملەر زېمىنغا مىراسخور بولىدۇ، ئۇلار زېمىندا مەڭگۈ ياشايدۇ.» دېگەن ئايەتتىن كەلگەن.

## قۇرئان ئىنجىلنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ

قۇرئاندا خاتىرلەنگەن ئاللا بىلەن ئىنجىلنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئايەتلەر:

• ئاللا ئەيسا پەيغەمبەرگە ئىنجىلنى ئاتا قىلىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 87-ئايەت؛ 5-سۈرە 46-ئايەت؛ 19-سۈرە 30-ئايەت؛ 57-سۈرە 27-ئايەت)

• ئەيسا پەيغەمبەرگە تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 48-ئايەت؛ 5-سۈرە 110-ئايەت )

يوقۇرقى ئايەتلەردە گەرچە ئەيسا مەسىھ بىلەن ئىنجىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنجىلنىڭ ھەقىقى شەكىللىنىش تارىخىغا ماس كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن مۇھەممەتنىڭ ئىنجىلنى ئەيسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بىر

كىتاپ دەپ ئويلاپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئىنجىلنى ھەقىقى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىنجىل ئەمەلىيەتتە ئاسماندىن چۈشكەن بىر تەييار كىتاپ ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئېتىقاتچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرى ۋە ئىش-ئىزلىرى خاتىرلەنگەن كىتاپتۇر. ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەقىقەتلىرى ۋە خۇش خەۋىرى چۈشەندۈرۈلگەن، ئېتىقاتچىلارنىڭ قانداق ياشاش كېرەكلىكى ئۆگىتىلگەن، كەلگۈسىدە ۋە قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلار ئالدىن بىشارەت قىلىنغان.

• قۇرئاندا خاتىرلىنىشچە تەۋرات ۋە ئىنجىلدا مۇنداق تەمسىل قىلىنغان: ئاللانىڭ يولىدا ماڭغانلار خۇددى زىرائەتكە ئوخشايدۇ، ئاللا ئۇلارنىڭ ئۆسىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن چىققان شاخلار تەدرىجى يوغىنايدۇ، ئاساسى مۇقىملىشىدۇ، دىھقاننى خۇرسەن قىلىدۇ. (قۇرئان 48-سۈرە 29-ئايەت)

يوقۇرقى ئايەت ئىنجىلدىكى ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 4-باب 26،27،28-ئايەتلەرگە ئوخشىشىپ قالىدۇ: «خۇدانىڭ دۆلىتى خۇددى بىر ئادەم ئۇرۇقنى يەرگە چاچقانغا ئوخشايدۇ، ئۇ كېچىسى ئۇخلاپ كۈندۈزى تۇرىدۇ، بۇ ئۇرۇق نوتا چىقىرىپ كۈنسېرى يوغىنايدۇ، ئۇ ئادەم بولسا ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەردىن ئاشلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى تەبىئىدۇر، ئۇلار ئاۋال نوتا چىقىرىدۇ، ئاندىن باشاقلايدۇ، ئاخىرىدا دانلىق مېۋىلەرنى بېرىدۇ. »

**قۇرئان كىشىلەرنى مۇقەددەس كىتاپقا ئىشىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ**

قۇرئاننىڭ مۇسۇلمانلارغا بەرگەن تەلىمى:

• قۇرئان مۇسۇلمانلارغا مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنى، ئۇلار بىلەن مۇنازىرلەشمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 285،136-ئايەتلەر؛ 3-سۈرە 84-ئايەت؛ 4-سۈرە 136-ئايەت؛ 5-سۈرە 46-ئايەت؛ 29-سۈرە 46-ئايەت)

•قۇرئان ھەتتا يەھۇدىلارنىمۇ تەۋراتقا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. قۇرئاندا يەھۇدىلارغا «ھازىرلا تەۋراتنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار» دەيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 93-ئايەت)

• قۇرئان يەھۇدىلارنى قۇرئانغا ۋە بۇرۇن نازىل بولغان مۇقەددەس كىتاپلارغا ئىشىنىڭلار دەپ دەۋەت قىلىدۇ. (قۇرئان 4-سۈرە 162-ئايەت)

• قۇرئان يەھۇدىيلارنىڭ ئاللادىن كەلگەن شەپقەت يەنى تەۋراتنى يادىدا چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 2 ـ سۈرە 46 ـ ئايەت)

• قۇرئان يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 45، 44، 43 ـ ئايەتلەر)

## قۇرئان مەسىھلەرنى ئىنجىلغا ئىشىنگىلار ۋە ئەمەل قىلىڭلار دەپ دەۋەت قىلىدۇ

• قۇرئان مەسىھلەرنى ئىنجىلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىڭلار دەيدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 47 ـ ئايەت)

• قۇرئاندا مەسىھلەرنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئەمەل قىلىڭلار دەيدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 68، 66 ـ ئايەتلەر)

• قۇرئاندا مەسىھلەرنى ئىنجىلنى ئېنىق چۈشەندۈرۈڭلار، ئۇنى يوشۇرماڭلار دەيدۇ. (قۇرئان 3 ـ سۈرە 187 ـ ئايەت)

## قۇرئان بارلىق ئادەملەرنى مۇقەددەس كىتاپقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ

• قۇرئان كىشىلەرنى ئەگەر قۇرئاندىن گۇمانلانسا بىرىپ ئەھلى كىتاپلاردىن (يەنى يەھۇدى ۋە مەسىھلەردىن) سوراپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 10 ـ سۈرە 94 ـ ئايەت؛ 21 ـ سۈرە 7 ـ ئايەت)

• قۇرئان كىشىلەرنى ئەگەر قۇرئاندىكى تەلىملەرنى چۈشىنەلمىسە، بىرىپ يەھۇدى ۋە مەسىھلەردىن سوراپ چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللا ئۇلارغا روشەن دەلىل ۋە كىتاپ بەرگەن دەيدۇ. (قۇرئان 16 ـ سۈرە 44، 43 ـ ئايەتلەر)

• قۇرئان كىشىلەرنى تەۋراتقا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 45، 44 ـ ئايەتلەر)

## قۇرئان مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ

• قۇرئاندا ئاللا بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنى ۋە تەلىملەرنى قوغدايدۇ دىيىلگەن. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 48 ـ ئايەت؛ 15 ـ سۈرە 9 ـ ئايەت)

• ئاللانىڭ سۆزىنى ھىچقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.(قۇرئان 6 ـ سۈرە 115، 34 ـ ئايەتلەر؛ 10 ـ سۈرە 64 ـ ئايەت؛ 18 ـ سۈرە 27 ـ ئايەت؛ 48 ـ سۈرە 23 ـ ئايەت)

**قۇرئاندا بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلار ئۆزگىرىپ كەتكەن دىگەن تەلىم يوق**

● قۇرئاندا ئەيسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن ئىنجىل بىلەن ھازىرقى مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىل ئوخشىمايدۇ دىگەن گەپ يوق.

● قۇرئاندا يەھۇدىيلار ۋە مەسىھلەر تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتكەن دىگەن گەپ يوق.

قۇرئاندا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق مەزمۇنلار بار:

● يەھۇدىيلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر تەۋراتتىكى ئايەتلەرنى بۇرمىلايدۇ، ئۇلار، بىز ئاڭلىساقمۇ ئەمەل قىلمايمىز-دەيدۇ. (قۇرئان 4-سۈرە 46-ئايەت)

● ئۇلار ھەقىقەتنى، مۇقەددەس كىتاپنى يوشۇرىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 146-ئايەت؛ 3-سۈرە 71-ئايەت)

● ئۇلار مۇقەددەس كىتاپنىڭ بىر قىسمىنى ئاشكارلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىدۇ. (قۇرئان 6-سۈرە 91-ئايەت)

● ئۇلار ئۆز قوللىرىدا ئايەتلەرنى يېزىپ ئاندىن بۇنى خۇدادىن كەلگەن ۋەھى دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاز تولا نەپكە ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 79،174-ئايەتلەر؛ 3-سۈرە 187-ئايەت)

● ئۇلار خۇدانىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى بۇرمىلايدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 75-ئايەت) خۇدانىڭ نامىنى سېتىپ يالغان گەپلەرنى توقۇيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 78-ئايەت)

● ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن تەلىملەر ۋە خۇدانىڭ كىتاپلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كىچىدۇ، ئۇلار خۇددى بىلمەيدىغاندەك قىياپەتكە كىرۋالىدۇ. (قۇرئان 5-سۈرە 13،14-ئايەتلەر؛ 2-سۈرە 101-ئايەت)

● ئۇلار مۇقەددەس كىتاپقا ئاساسەن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 23-ئايەت)

يوقۇرقى ئايەتلەردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، ئەمىلىيەتتە قۇرئاندا پەقەت بىر قىسىم يەھۇدىيلارنىڭلا تەۋراتنى قىرائەت قىلغاندا ياكى چۈشەندۈرگەندە ئۇنى قەستەن بۇرمىلايدىغانلىقى، بىر قىسىم ئايەتنى ئوقۇپ بىر قىسىم ئايەتنى يوشۇرىدىغانلىقى، تەۋراتتىكى خۇدانىڭ سۆزلىرىگە خىلاپ بولغان بەزى خاتا تەلىملەرنى سۆزلەيدىغانلىقى ۋە كىشىلەرگە ئۇنى ھەقىقەت دەپ چۈشەندۈرىدىغانلىقى، ھەتتا بەزى يەھۇدىيلارنىڭ ساختا ئايەتلەرنى توقۇپ چىقىپ ئۇنى خۇدادىن كەلگەن ۋەھى دەۋالىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ تەۋرات بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن، بىراق قۇرئاننىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە تەۋرات، زەبۇر

ۋە ئىنجىل قاتارلىق خۇدانىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئەمدى ئۇ كىتاپلارنى تاشلىۋېتىڭلار دېگەن گەپ يوق.

بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىمۇ قۇرئاندىكى يۇقۇرقى ئايەتلەرنى مۇنداق شەرھىلەيدۇ، ئۇلار (يەنى بىر قىسىم يەھۇدى موللىلار) تەۋراتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىكى بەزى ئايەتلەرنى خەلققە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن.

## قۇرئاندا مەسىھلەر توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن

● بىر قىسىم مەسىھلەر كەچتە ئاللانىڭ كىتابىنى (ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ، ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ، قىيامەتكە ئىشىنىدۇ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ يامانلىقنى توسۇيدۇ، ھەممىنىڭ ئالدىدا خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئۇلار ياخشى نىيەتلىك ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى ئاللانىڭ ئالدىدا ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 115،114،113-ئايەتلەر)

● ئۇلار ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ۋەھىسىگە ئىشىنىدۇ، ئاللانىڭ يولىنى تۇتىدۇ، ئاز تولا مەنپەئەت ئۈچۈن ئېتىقاتىنى ساتمايدۇ. ئۇلار ئاللانىڭ ئالدىدا زور ئىلتىپاتقا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 199-ئايەت)

● ئۇلار (مەسىھلەر) ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ، ئاللا نازىل قىلغان كىتاپنى قىرائەت قىلغاندا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈلگەن ھەقىقەتكە ئىشىنىدۇ، ئاللا چوقۇم ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. (قۇرئان 5-سۈرە 85،84،83،82-ئايەتلەر)

## قۇرئاندا يەھۇدىلار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن

● موسا پەيغەمبەرنىڭ خەلقى (يەنى يەھۇدىلار) ئىچىدە بىر قىسىم ئادەملەر ھەقىقەتكە ئاساسەن باشقىلارنى يېتەكلەيدۇ، ھەقىقەتكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئادالەتنى ياقلايدۇ. (قۇرئان 7-سۈرە 159-ئايەت)

● تەۋراتنا چىڭ تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان يەھۇدىلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىشلىرى ئاللانىڭ ئالدىدا ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ. (قۇرئان 7-سۈرە 170-ئايەت)

● ئۇلار ھەقىقەتەن تەۋراتقا ئەمەل قىلىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 121-ئايەت)

● ئاللا ۋەھى ۋە تەۋراتنى ئۇلارغا ئىلتىپات قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توغرا يولدا ماڭىدىغانلار بار. (قۇرئان 57-سۈرە 26-ئايەت)

## قۇرئاندا مۇقەددەس كىتاب ئۆزگەرتىلگەن دېيىلگەنمۇ ؟

قۇرئاندا ھېچقاچان مۇقەددەس كىتابلار ئۆزگەرتىلگەن، ئەمدى ئۇلارغا ئىشەنمەڭلار، تاشلىۋېتىڭلار دېگەن گەپ يوق. ۋاھالەنكى ئەگەر قۇرئان مۇقەددەس كىتابنى خاتا دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇقەددەس كىتاب چوقۇم خاتا، قۇرئان چوقۇم توغرا بولۇپ قالمايدۇ، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىل-ئىسپاتى ۋە ئاساسىغا قاراش كېرەك. ئىنجىلنىڭ توغرىلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا تۆۋەندىكى پاكىت ۋە ئاساسلار بار:

● ئەڭ دەسلەپكى 300 يىل ئىچىدىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ئۆز ھاياتى بىلەن قىلغان گۇۋاھلىقى، شۇ دەۋرلەردە يېزىلىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىنجىلنىڭ ئۇنىمىڭلىغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرى، ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان خەت-چەك ۋە باشقا يازمىلار، ياۋروپا-ئاسىيا-ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە تارقالغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى، شۇنداقلا ئىنجىلنىڭ نۇرغۇن تەرجىمە نۇسخىلىرى قاتارلىقلار بار.

● يوقۇردا كۆرسىتىلگەن دەلىل-ئىسپاتلار ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تامامەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ھەرقانداق بىر ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچى يوقۇرقى پاكىت ۋە ماتېرىياللارنى ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقسا بولىدۇ.

● ئەيسا مەسىھتىن كېيىن 600 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، توساتتىن بىر ئادەم چىقىپ ئىنجىلنى خاتا دېسە، بۇ ھەرگىزمۇ ئادەمنى قايىل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ مۇھىمى، مەيلى مۇھەممەت بولسۇن ياكى قۇرئان بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇچۇق ئاشكار ھالدا ئىنجىلنى خاتا ياكى ئۆزگەرتىلگەن دېمىگەن. ئەمىلىيەتتە ئۇلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاپقان ئۆسەك سۆزلىرى خالاس.

● كېيىنكى دەۋرلەردىكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنجىل ئۆگەرتىلگەن دېگەن قارىشى ۋە ھېكايىسى قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى نۇرغۇن ئايەتلەرگە زىت كېلىدۇ. مەسىلەن:

- 2: 41, 44, 89, 91, 113, 121, 136, 140
- 3: 3, 50, 84, 93, 199
- 4: 47, 136, 162
- 5: 47, 48, 66, 68, 82-85
- 6: 34, 92, 115
- 7: 157, 170
- 10: 37, 94

- 12：111
- 13：43
- 18：27
- 21：7
- 29：46
- 32：23
- 35：31
- 40：53，54
- 46：12，30
- 48：2
- 53：36，37
- 57：26。

• قۇرئاندا تەۋرات ۋە ئىنجىلنى خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس كىتاپ دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىمۇ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ مۇقەددەس كىتاپلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. قۇرئاندىكى تەۋرات دىگەن سۆز ئىبرانى تىلىدىكى «Torah» (قانۇن) دىگەن سۆزگە يىقىن كىلىدۇ، ئىنجىل دىگەن سۆز گىرىك تىلىدىكى « **Euangélion** » (خۇش خەۋەر) دىگەن سۆزگە يېقىن كىلىدۇ. قۇرئاندا تەۋرات يەھۇدىلارنىڭ كىتابى، ئىنجىل مەسىھلەرنىڭ كىتابى دىيىلگەن. تارىخ ئىسپاتلايدۇكى يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى ئەزەلدىن تارتىپلا «كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە» دۇر.

• بەزى مۇسۇلمانلار تەۋرات كونا ئەھدە بىلەن باراۋەر ئەمەس، بەلكى كونا ئەھدىنىڭ ئىچىدىكى موسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بەش پارە كىتاپنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئاندا ئىنجىلنى ئەيسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتاپ دىيىلگەن، شۇڭا ئەيسا مەسىھنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ خاتىرلەپ يازغان پۈتۈكلىرى ئىنجىل ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ خىل قاراش مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىچىدە ئاساسى ئېقىم ئەمەس. چۈنكى قۇرئاندا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىل يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى دىيىلگەن، ھالبۇكى يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاپ ئەزەلدىن تارتىپلا «كونا ئەھدە»

بىلەن «يېڭى ئەھدە» دۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراش قۇرئاندىكى يەنە بىر خاتالىقنى ئاشكارلاپ قويىدۇ، يەنى، قۇرئان خاتا ھالدا يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا پەقەت تۇراخ بىلەن زەبۇردىن ئىبارەت ئىككىلا مۇقەددەس كىتاپ بار، مەسىھلەرنىڭ قولىدا بولسا پەقەت «خۇش خەۋەر» (گىرىكچە ئوقۇلىشى ئىنجىل) دىن ئىبارەت بىرلا مۇقەددەس كىتاپ بار دەپ قارىغان. بۇلار تارىخى پاكىتلارغا قەتئى ماس كەلمەيدۇ.

• قۇرئاننىڭ ئىنجىلنى ئەيسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان بىر پارچە كىتاپ دەپ قارىشى تارىخى پاكىتلارغا قەتئى ماس كەلمەيدۇ. يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) ئەمەلىيەتتە ئەيسا مەسىھ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە تەلىملىرىنى خاتىرلەپ يازغان كىتابىدۇر. ئەيسا مەسىھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە ئىلاھى كىتاب بار ئىدى دەيدىغانغا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات يوق. مۇھەممەت دەۋرىدىكى ناسارالار بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەسىھ ئۈممەتلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلاۋاتقان ئىنجىل دەل دەسلەپكى مەسىھ ئەگەشكۈچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان كىتاپتۇر.

• ئەگەر ئەينى دەۋردىكى يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاپنى تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەمەس ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دەپ قارالسا، بۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەرگە زىت كېلىدۇ. قۇرئان كۆپ قېتىم يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنى قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار، ئەمەل قىلىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا خۇدادىن كەلگەن دەلىللەر بار دەيدۇ. قۇرئان ھەتتا مۇسۇلمانلارنىمۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئىشىنىڭلار، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار دەيدۇ. مۇھەممەت يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەملەرگە دېيىلگەن. قۇرئان مۇھەممەتنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەھلى كىتاپلارنى (يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنى) ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئەسكەرتىدۇ. قۇرئان ھەتتا كىشىلەرنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشنى، ئەگەر قۇرئاندىن گۇمانلانسا بېرىپ ئەھلى كىتاپلاردىن (يەھۇدى ۋە مەسىھلەردىن) سوراپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

• ئەگەر قۇرئاندا دېيىلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاپ بولمىسا، ئۇنداقتا قۇرئاندا دېيىلگەن يوقۇرقى مەزمۇنلار پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز ياكى خاتا بولغان بولىدۇ.

• قۇرئاندا ئاللا مۇقەددەس كىتاپلارنى قوغدايدۇ، ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ھېچقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ دېيىلگەن. بۇمۇ بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىگەن قارىشى ۋە ھېكايىسىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.

● قۇرئاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بەزى مۇسۇلمانلار باشقىچە چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن، ئەمما بۇ قۇرئاننى تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ياكى چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئەسلى ئايەتنىڭ مەنىسىنى يوشۇرۇپ، پاكىتنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن باشقا ئىش ئەمەس. قۇرئاننىڭ ئەسلى ئەرەپچە ئايەتلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىلنىڭ توغرىلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەكلىكى ناھايىتى ئېنىق جەزىملەشتۈرۈلگەن.

● قۇرئاندىن مىسال كەلتۈرۈلگەن يۇقۇرقى بىرەر يۈز ئايەتتە، ئەگەر پەقەت بىرلا ئايەت يۇقۇرقىدەك قاراشنى ئىسپاتلىيالىسا، ئۇنداقتا بۇ قۇرئاندا ئەجەللىك زىددىيەت ۋە مەسىلىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى، قۇرئاننىڭ ھەرگىزمۇ خۇدادىن كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەگەر راست شۇنداق بولسا، مەيلى ئىنجىل توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا قۇرئان ئوخشاشلا خاتالاشقان بولىدۇ.

**ئىسلامنىڭ مەيدانى**

يوقۇرقىلاردىن ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى:

● قۇرئان مۇقەددەس كىتاپ (تەۋرات، ئىنجىل) نىڭ نوپوزى ۋە توغرىلىقىنى ئىنكار قىلمىغان، بەلكى ئۇنىڭ ھەقلىقىنى دەلىللىمەكچى بولغان.

● بىراق قۇرئاندا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات ۋە بەزى تارىخى خاتىرىلەر ئىنجىلدا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات ۋە تارىخى خاتىرىلەر بىلەن زىت كېلىدۇ.

● شۇڭا بىزنىڭ يەكۈنىمىز: قۇرئان ئۆز ئۆزىگە زىت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ خۇدادىن كەلگەن ۋەھى ئەمەس.

● مۇھەممەتنىڭ دەۋرىدە، ئىنجىلنىڭ ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم تەرجىمە نوسخىلىرى بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:605 ؛ 6:60:478 )

● ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئىنجىلغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلاتتى، مەسىلەن:

ئەل تەبەرى ـ ئەڭ دەسلەپكى نوپۇزلۇق قۇرئان تەپسىرچىسى (قۇرئاننى چۈشەندۈرۈپ شەرھىلىگۈچى) ، مىلادى 839ـ923 يىللىرى ياشىغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: مۇھەممەت پەيغەمبەر تەۋراتنىڭ خۇدادىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، پەقەت يەھۇدىيلارنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم تەلىملەرنى يوشۇردى دەپ ئەيىپلەيدۇ.

ئەل بۇخارى- ئەڭ دەسلەپكى نوپۇزلۇق ۋە داڭلىق ھەدىسشۇناس، ئىسلام قانۇنشۇناسى، تارىخشۇناس ئالىم. مىلادى 810-870 يىللىرى ياشىغان.

ئەنسارى- داڭلىق ئىسلام ئۆلىماسى، پەيلاسوپ، ئىسلام قانۇنشۇناسى، مائارىپشۇناس ئالىم. مىلادى 1058-1111 يىللىرى ياشىغان. ئۇ يازغان كىتاپلىرىدا ئىنجىلدىكى نۇرغۇن ئايەتلەرنى نەقىل ئالغان، ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمىغان.

ئەمىر ئەل ھاپىز - مىلادى 869-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەسئۇد - 956-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەبۇ ھۆسەيىن - 1037-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

فەخىردىن - مىلادى 1209-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىبنى خالدۇن - 1406-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

سەئىد ئەھمەدخان- يېقىنقى زاماندىكى داڭلىق ئىسلام ئالىمى، ئىسلام ھازىرقى زامان ھەركىتىنىڭ باشلامچىسى، ئاسىيادىكى 100 داڭلىق ئۇنىۋىرسىتىنىڭ بىرى بولغان ئالىگىر ئىسلام ئۇنىۋىرسىتىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. 1817-1898 يىللىرى ياشىغان. ئۇ ئىنجىلنى ئىشەنچىلىك ھەم قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يۇقۇرقى ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن باشقا يەنە ئىبنى ئاbbاس، ئەل بەدەۋى، ئىبنى تەمىر، مەۋلاۋى مۇھەممەد سەئىدى، سەئىد ئەھمەد ھۆسەيىن، مەۋلاۋى چىراگۇدىن ، ئادىل يەزدىمىر، مەھمۇد ئايۇب ... قاتارلىق كىشىلەر بار.

- ئەمىلىيەتتە مۇھەممەتنىڭ دەۋرىدىن 400 يىل ئۆتكەندىن كىيىن، ئاندىن بەزى مۇسۇلمان ئالىملار قۇرئان بىلەن ئىنجىلدا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات شەكلى ۋە تارىخى پاكىتلاردا نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مىلادى 994-1064 يىللىرى ياشىغان ئىبنى كازىم، ئىككىنچىسى 1085-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەل جۇۋەينى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاندىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە خىرىستىيانلار ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتكەن دىگەن سۆز-چۆچەك پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئەمما :

> كىم؟ نىمە سەۋەپتىن؟ قاچان (مۇھەممەتتىن بۇرۇنمۇ ياكى كىيىنمۇ)؟ قەيەردە (قايسى دۆلەت قايسى شەھەردە) ؟ قانداق ئۇسۇل بىلەن ؟ قايسى قىسمىنى ؟ قانداق ئۆزگەرتكەن ؟ نىمشقا ھىچقانداق ئىز قالدۇرمىغان ؟

دىگەن مەسىلىلەرگە ھىچكىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بىرەلمىگەن. بەزىلەر پەقەت پەرەزگە ئاساسلىنىپ ھەرخىل ھىكايىلەرنى توقۇپ چىققان، كىيىنكىلەر بولسا ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەن.

**مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى:**

● مۇقەددەس كىتاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مىڭلىغان ئونمىڭلىغان قەدىمقى كۆچۈرۈلمە نوسخىلىرى مەۋجۇد. (ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارالغان شۇنچە كۆپ ئىنجىلنى بىرلا ۋاقىتتا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئۆزگەرتىۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس)

● قادىر خۇدا ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ۋە تەلىملىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە يول قويمايدۇ، ئۇ بۇنى قوغداشقا تامامەن قادىر.

● ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا كەڭ تارقالغان ئوخشىمىغان دۆلەت، ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان تىللاردىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئىنجىلنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

● يەھۇدىلار بىلەن مەسىھلەرنىڭ بىرلىشىپ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇقەددەس كىتاپلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

● ئۆزگەرتىلگەن مۇقەددەس كىتاپنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەسلىدىكى ھەقىقى مۇقەددەس كىتاپلارنى يەر يۈزىدىن پاك-پاكىز يوقىتىۋېتىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

● تارىختا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغان، شۇنداقلا دۇنياغا كەڭ تارقىلىپ بولغان، ئەسلىدىكى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ ۋە ئۇلارنى ئىز دېرەكسىز يوقىتىۋېتىپ، ئاندىن ساختا مۇقەددەس كىتاپلارنى قايتا تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا تارقىتىش مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، مۇقەددەس كىتاپ ئۆزگەرتىۋېلىگەن دېگەن قاراش پەقەت كېيىنكى دەۋرلەردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ پەرىزى ۋە تۆھمىتى بولۇپ، قۇرئان، مۇھەممەت ۋە ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردا ئۇنداق قاراش بولمىغان.

**مۇقەددەس كىتاپتا «خاتالىقلار» بار، شۇڭا ئۇ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنمۇ ؟**

● مەيلى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار مۇقەددەس كىتاپ ئۆزگىرەپ كەتكەن دەپ قارىسۇن ياكى قارىمىسۇن، بىز پەقەت زەبۇر 23-پارە ۋە ئىنجىل مەتتانىڭ 5-7 بابلىرىدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىنى مىسال قىلىش ئارقىلىقلا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىنجىلنىڭ گۈزەللىكى، پاساھەتلىكى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى، شۇنداقلا ئەيسا مەسىھ ئىپادىلىگەن ئالىجاناپ پەزىلەت ۋە ئەقىل-پاراسەتنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا، ئېتىقاتچىلار ھەر تەرەپتىن كەلگەن تۈرلۈك تۆھمەتلەرگە ۋە ھوجۇملارغا دۇچ كەلگەن ئىدى، ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان

بۇ خىل تۆھمەت ۋە ھوجۇملار توختاپ قالغىنى يوق. ھالبۇكى ھازىرقى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىھ ئېتىقاتىغا قىلىۋاتقان تۆھمەتلىرى ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ (بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندىكى خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېزىمچىلارنىڭ) گەپلىرىنى تەكرارلاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەلىمى قىلىۋېلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئىنجىلدا خاتالىق بار دىگەن قاراشنىڭ ئەمەلىيەتتە قۇرئان ۋە ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق، شۇڭا ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار قۇرئاندىكى تەلىملەرگە ئاساسەن بۇنداق پىتنە-پاساتلارنى قىلىپ يۈرمىگەن. شۇڭا بۇ مەسىلىنى مۇشۇ ساھەدە ئىلمى ئۇسۇلدا نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا تاپشۇردۇق. ئەگەر قىزىقسىڭىز تۆۋەندىكى تور بىكەتلەرگە چىقىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ. باشقىلارنىڭ قاراشلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەي، ئۆزىڭىزمۇ ئىزدىنىپ بېقىڭ.

- http://www.tochrist.org/book/download_books/sjnthb/
- http://www.inerrancy.org/
- http://blog.sina.com.cn/s/blog_4a9c4a4f01000b4s.html
- http://www.godoor.net/jidianlinks/shj.htm
- http://www.godoor.net/jidianlinks/apologetics.html

• «ئىنجىلدا خاتالىقلار بار» دىگەننى ئىسپاتلاش ئارقىلىق «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە لوگىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان ئىككى ئىشتۇر. «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى 8 نوقتىنى ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ:

1) كىملەر ئۆزگەرتكەن، 2) نىمە سەۋەپتىن ئۆزگەرتكەن، 3) قاچان ئۆزگەرتكەن، 4) قەيەردە ئۆزگەرتكەن (قايسى دۆلەت قايسى شەھەردە)، 5) قانداق ئۇسۇلدا ئۆزگەرتكەن، 6) ئىنجىلنىڭ قايسى جايلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، 7) نىمىنى نىمىگە ئۆزگەرتكەن، 8) تارىختا نىمىشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغان.

خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېزىمچىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاقىدار ماقالىلىرىدە بۇ 8 نوقتا تىلغا ئېلىنمىغان. ئىنجىلنىڭ مەزمۇنىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى، ياخشى ياكى يامانلىقى بىلەن «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەن قاراشنىڭ مۇناسىۋىتى يوق.

● ئاتېزىمچىلار ھەرقانداق بىر دىننى تەنقىتلىمەكچى بولسا، ئۆزىنىڭ ئالدىن پەرىزى ۋە مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق شۇ دىننىڭ كىتابىدا خاتالىق بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار مەسىھ ئېتىقاتىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىنجىلدىن قۇسۇر ئىزدەشكە تىرىشىدۇ، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئىنجىلدىكى خاتىرىلەرنىڭ ئومومى گەۋدىسى ۋە تەلىمىنى، ھەر بىر ئايەتنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى، سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ھەرخىل چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى، سۆز-جۈملىلەرنىڭ كونتېكىسىنى (ئالدى-كەينىدىكى جۈملىلەرنى) ئويلاشمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە ئىنچىكە تەھلىللەر ئارقىلىق تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئەستايىدىللىق ۋە سەممىيلىك بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ كەلمەكتە.

● ئاتېزىمچىلارنىڭ «ئىنجىلدا خاتالىقلار بار» دىگەن پىكىر قىلىش يولى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەننى ئىسپاتلاشتا قوللانغان يولى بىر يول ئەمەس.

● «ئىنجىلدا خاتالىق بار» ياكى «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» - بولغان تەقدىردىمۇ، قۇرئان مۇقەررەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى قۇرئاندا مۇنداق دىيىلگەن:

1. ئىنجىل خۇدانىڭ كىتابىدۇر.

2. قۇرئاننىڭ نوپۇزى ئىنجىلدىن كەلگەن بولۇپ، ئىنجىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

3. خۇدانىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، خۇدا ئۇنى قوغداشقا قادىر.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئۆزىنىڭ باياناتى

● مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ كىتابىدۇر، ئۇنىڭ ھەقىقى ئاپتورى خۇدا.

● مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى يازغۇچىلار خۇدانىڭ روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن.

● مۇقەددەس كىتاپتا 3808 قېتىم « پەرۋەردىگار خۇدا شۇنداق دەيدۇ» دىيىلگەن.

● مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ سۆزىدۇر. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 34:27 ، يەشايا پەيغەمبەر 30:8 ، يەرەمىيا پەيغەمبەر 25:13 ؛ ئىنجىل-يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14:26 ، ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 1:1،2 )

● مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئادەملەرنىڭ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى سۆزلىشىدۇر. (ئىنجىل-پېتروسII 1:21 )

● پۈتۈن مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەت توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ، خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ، سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى ھەققانىيلىققا يېتەكلەيدۇ. (ئىنجىل-تىموتىغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت 3:16 )

● دېمەك مۇقەددەس كىتاپتا، خۇدانىڭ ئۆزى تاللىغان ئادەملەرنىڭ دىلىغا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى سېلىپ، ئۇلارنى مۇقەددەس روھى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق قەلەم تەۋرەتكۈزۈپ، مۇقەددەس يازمىلارنى يازدۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپ گەرچە خۇدادىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئادەم يازغان. بۇ ئىككىسى زىددىيەتلىك ئەمەس. مۇقەددەس كىتاپ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 66 پارچە كىتاپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 1500 يىل جەريانىدا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 15-ئەسىردىن باشلاپ مىلادى 1-ئەسىر ئارلىقىدا) 40 نەچچە ئادەمنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئادەملەر ئوخشىمىغان جايلاردا، ئوخشىمىغان دەۋردە، مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان، ھالبۇكى ھەرقايسى يازمىلار بىر-بىرسىنى قوللايدۇ ۋە دەلىللەيدۇ، ئۇلاردا باشتىن ئاخىر بىر ئورتاق تېما بار بولۇپ، يەنى ئىنسانلارنىڭ گۇناھى بىلەن خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىدۇر.

● ئىنجىل-تىموتى ئىككىنچى خەت 3-باب 16-ئايەتتە، مۇقەددەس كىتاپ خۇدا تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ دىلىغا سېلىنغان دېيىلگەن. دېمەك، خۇدا ئادەملەرنىڭ دىلىغا سېلىش ئارقىلىق مۇقەددەس كىتاپنى يازدۇرغان. ئۇنىڭ يازغۇچىسى ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقى ئاپتورى خۇدادۇر.

● خۇدا ھەرگىزمۇ ماشىنا ئادەمنى كونترول قىلغاندەك پەيغەمبەرلەرنى كونترول قىلىپ، ئۇلارغا خۇدانىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇبىر يازدۇرغان بولماستىن، بەلكى ئۆز سۆزىنى ئۇلارنىڭ دىلىغا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىلى بىلەن يازدۇرغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەرقايسى يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ تىلى، يېزىقچىلىق مىتودى ۋە خاس مەدىنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى يوغۇرغان ھالدا خۇدانىڭ ئۆز دىلىغا سالغانلىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇندىن باشقا، مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن تەدرىجى ھالدا يېزىلغان. كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار بۇرۇنقى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بۇرۇنقى ئىشلار كېيىنكى ئىشلارغا سەۋەب ۋە ئاساس بولغان.

## ئىنجىلنىڭ ئوبيېكتى

• ئىنجىلنىڭ ئوبيېكتى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئىنسانىيەتتۇر.

• ئىنجىل ئىنسانلارغا، ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ۋە ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزۇلۇش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 20:31 )

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ ۋاقىت دائىرىسى ۋە مەزمۇنى

• ئالەمنىڭ باشلىنىشىدىن باشلىنىدۇ (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1 ، ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:1 )

• مەڭگۈلۈك بولىدۇ (ئىنجىل ـ ۋەھىيلەر 22:5)

• مەسىھىيلەر بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئالدىن بىشارەت قىلغان سۆزلەرنى (تەۋراتنى) ۋە مەسىھ ئەلچىلىرى تارقاتقان ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىنى (ئىنجىلنى) ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. (ئىنجىل ـ پېترۇس ئىككىنچى خەت 3:2 )

• خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش شەپقىتىنى ئالدى بىلەن ئەيسا مەسىھ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان، ئۇنى بىۋاستە ئاڭلىغانلار بۇ قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ھەقلىقى توغرىسىدا كېيىنكىلەرگە گۇۋاھلىق بەرگەن. خۇدامۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە، ھەرخىل مۆجىزە، كارامەت ۋە قۇدرەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنىڭ ھەدىيلىرىنى ئېتىقاتچىلارغا ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەن. ( ئىنجىل ـ ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت 2:3،4 )

• ئېتىقاتچىلار ئەيسا مەسىھ ئەلچىلىرىنىڭ بۇرۇن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. (ئىنجىل ـ يەھۇدا يازغان خەت 17)

## مۇقەددەس كىتاپ بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

• مۇقەددەس كىتاپنىڭ باش تېمىسى ئەيسا مەسىھتۇر. (ئىنجىل ـ لۇقا 24:25،27 ؛ يۇھاننا 5:39.46،47 ؛ ئەلچىلەر 18:28 )

• ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ھەقىقى ئەمەل قىلىدىغان كىشى، مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ خۇدادىن كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 7:17 )

• ئەيسا مەسىھ تەۋراتنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 5:17،18 ، 12:40 ، 22:29،32،43 ، 24:37 ؛ لۇقا 16:31 ؛ يۇھاننا 10:35 ، 17:17 )

• ئەيسا مەسىھ ئىنجىلنىڭ ھەقلىقنى تەستىقلايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 26،14:25 ، 15-16:12 )

ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى كىلىپ ئېتىقاتچىلارنى يىتەكلەيدۇ. ئۇ ئېتىقاتچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئىنجىلنى يازدۇرىدۇ. خۇدا ئىنجىلنى مەڭگۈ قوغدايدۇ.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ ماھىيتى توغرىسىدا

• مۇقەددەس كىتاپ روھتۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 6:63 ؛ ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت 6:17 )

• مۇقەددەس كىتاپتا خاتالىق بولمايدۇ (زەبۇر 19:7 ، پەند-نەسىھەتلەر 6،30:5 )

• مۇقەددەس كىتاپ مەڭگۈلۈكتۇر (زەبۇر 8،111:7 ، 119:89 ؛ ئىنجىل-مەتتا 24:35 ؛ پېتروس بىرىنچى خەت 1:25)

• مۇقەددەس كىتاپ زور كۈچ-قۇدرەت ۋە ھوقۇققا ئىگە. (يەشايا پەيغەمبەر 55:11 ؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر 23:29 ؛ ئىنجىل-گالاتىيالىقلارغا يىزىلغان خەت 3:10 ؛ ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 4:12 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 2:10 )

• مۇقەددەس كىتاپ مۇكەممەلدۇر، ئىنجىل ئەڭ ئاخىرقى كىتاپتۇر، ئەمدى ئۇنىڭغا ھىچكىم بىر نەرسە قوشالمايدۇ ۋە ئېلىۋېتەلمەيدۇ. (ئىنجىل-ۋەھىيلەر 19،22:18 )

(مۇقەددەس كىتاپتىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنجىل خۇدانىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىتابى، خۇدا ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ. شۇڭا كىيىن ئوتتورغا چىققان قۇرئانىڭمۇ خۇدادىن كەلگەن بولىشى مۇمكىن ئەمەس)

ھەقىقەتنى ئىزدىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئادەم مۇقەددەس كىتاپنى ئەستايىدىللىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئوقۇپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ باقسا، خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى ۋە مىھرى-مۇھەببىتىنى كۆرەلەيدۇ.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ رولى

• مۇقەددەس كىتاپ ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇستەھكەم ئاساس سىلىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، كىشلەرنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ يېڭى ھاياتلىق ئاتا قىلالايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 32،8:31 ؛ ئەلچىلەر 20؛32 ؛ رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 1:16 ؛ تىموتى ئىككىنچى خەت 3:15 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 1:21 ؛ پېتروس بىرىنچى خەت 1:23 )

- مۇقەددەس كىتاپ ھەقىقەت توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ، خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىپ، كىشىلەرنى ھەققانىلىققا يېتەكلەيدۇ. ئۇ ئادەملەرنى مۇكەممەل بولۇشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ، توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. (تىموتىي ئىككىنچى خەت 3:16،17 ؛ زەبۇر 119:105 )

- مۇقەددەس كىتاپ ئادەمنى پاكلاپ، خۇدانى رەنجىتىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئازدۇرۇشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇزىدۇ، ئىبرەت بېرىدۇ. (زەبۇر 119:9،11 ؛ ئىنجىل-مەتتا 4:4،7،10 ؛ يۇھاننا 15:3 ؛ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 10:11)

- مۇقەددەس كىتاپ ئادەمگە ئۈمۈد بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭغا تايانغانلار بەخت تاپىدۇ. (زەبۇر 119:42 ؛ ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 15:4 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 1:25 )

- مۇقەددەس كىتاپ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىپ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. كىشىلەرگە تىنچ-ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئوتتەك قىزغىنلىققا چۆمدۈرىدۇ. (زەبۇر 19:8 ، 119:165 ؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر 15:16 ؛ ئىنجىل-لۇقا 24:32 )

## بىزنىڭ مۇقەددەس كىتاپقا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز توغرىسىدىكى تەلىملەر

- بىز خۇدادىن ئۇنىڭ بىزنى تەربىيىلىشىنى، چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى، ئۇنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلالىشىمىزنى، بىزگە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىشىنى تىلىشىمىز كېرەك. (زەبۇر 119:12،18،27،35،73،125 ؛ ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:12،13 )

- بىز مۇقەددەس كىتاپنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىشىمىز كېرەك. (ئىنجىل-لۇقا 8:15 ؛ رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 10:17 )

- بىز مۇقەددەس كىتاپنى ئوقۇشىمىز ۋە قىرائەت قىلىشىمىز كېرەك. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 17:19 ؛ ئىنجىل-ۋەھىلەر 1:3 )

- مۇقەددەس كىتاپنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 17:11 )

- مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدا كېچە-كۈندۈز ئويلىنىشىمىز، تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك. (يەشۇئا 1:8؛ زەبۇر 1:2،3 ، 119:15،16،23،24،59،60،97.100،147،148 )

- بىز مۇقەددەس كىتاپنى قەلبىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. (تەۋرات-قانۇن

شەرھى 11:18 ؛ زەبۇر 119:11 ؛ پەندى-نەسىھەتلەر 7:3 ؛ ئىنجىل-كولوسسىلىقلارغا يېزىلغان خەت 3:16 )

● بىز مۇقەددەس كىتاپقا ئەمەل قىلىشىمىز، ئۇنى ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. (ئىنجىل-مەتتا 27-7:24 ؛ لۇقا 11:28 ؛ يۇھاننا 7:17 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 25-22 :1 )

● بىز مۇقەددەس كىتاپنى ئېنىق سۆزلىشىمىز، توغرا چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. (نەھەمىيا 8:8 ؛ ئىنجىل-تىموتى ئىككىنچى خەت 2:15 )

## «كونا ئەھدە» دىن باشلاپ، مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدا ئىزدىنىش

ئەگەر مۇسۇلمانلار خالىسا، «كونا ئەھدە» (تەۋرات) تىن باشلاپ مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقسا بولىدۇ. مۇقەددەس كىتاپنىڭ تەرتىپى بويىچە كۆرۈپ، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان پىلانى ۋە ئەڭ ئاخىرى «يېڭى ئەھدە» (ئىنجىل) دا ئەيسا مەسىھنىڭ قانداق قىلىپ خۇدانىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان مۇقەددەس كىتاپتىكى ھېكايە ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا

خۇدا پاك ۋە ياخشى نىيەتلىكتۇر. ئادەمنى خۇدا ياراتقان. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1 دىن 2:17 گىچە)

2. گۇناھ

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇش بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ خۇدادىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەمما خۇدا ئۇلارغا ۋەدە قىلىپ، كەلگۈسىدە ئايالنىڭ ئەۋلادىدىن (يەنى دادىسىز) بىرسىنىڭ دۇنياغا كېلىپ، شەيتاننىڭ بېشىغا دەسسەيدىغانلىقىنى بىشارەت قىلىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:15- 3:24 )

3. ئىبراھىم پەيغەمبەر

گەرچە ئىنسانلار خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولسىمۇ، ئەمما خۇدا يەنىلا ئىنسانلارنى قۇتقۇزماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدا قۇربانلىق قىلىش ۋە گۇناھنى يۇيۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:1-19 )

4. مۇسا پەيغەمبەر

خۇدانىڭ نەزىرىدە بىرمۇ ھەققانى ئادەم يوق، ھەممە ئادەمدە گۇناھ بار. كەلگۈسىدە خۇدا ئىسرائىللار ئىچىدىن موسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى تىكلەيدىغانلىقنى، ئۇنىڭ خۇدانىڭ پۈتۈن سۆزلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغانلىقنى بىشارەت قىلىدۇ. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 17 ـ 20:1 ، قانۇن شەرھى 18:18)

5. قۇتقۇزغۇچى

خۇدا ئىنسانلارنىڭ بىر قۇتقۇزغۇچىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيدۇ. (تەۋرات ـ لاۋىيلار: 34 ـ 16:1 )

6. داۋۇت پادىشاھ

گۇناھىنى تونىغان ۋە خۇداغا چىن يېپىشقان ئۇلۇغ پادىشاھ (زەبۇر 51 ـ پارە). خۇدا ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بىر قۇتقۇزغۇچىنى تىكلەيدىغانلىقنى، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقنى ۋەدە قىلىدۇ. ( تارىخI 14 ـ 17:11 )

7. يەشايا پەيغەمبەر

كەلگۈسىدە كېلىدىغان خۇدا ۋەدە قىلغان قۇتقۇزغۇچى ۋە ئۇنىڭ خاس بەلگىلىرىنى ئالدىن بىشارەت قىلىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 52:13 ـ 53:12)

8. ئەيسا مەسىھ

ئەيسا مەسىھ زادى كىم ؟ (ئىنجىل ـ لۇقا 38 ـ 1:26 ؛ 40 ـ 2:1 )

(قۇرئاندىمۇ پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا مەسىھ دەپ ئاتايدۇ، ئەمما مەسىھنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن قانداق پەرقى بارلىقىنى دىمەيدۇ.)

9. تىرىلىش

ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا بەرگەن قۇربانلىقى، ئۆلۈمدىن تىرىلىشى، ئاسمانغا كۆتىرىلىشى ۋە قىيامەتتە قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسى (ئىنجىل ـ لۇقا 22:63 ـ 24:49) .

خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى قىلىشى زادى نىمە ئۈچۈن ؟ شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىشنى قىلغان خۇدا ئىنجىلنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە، ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ۋە كېيىنكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قىلىشىغا يول قويۇپ، 600 يىلدىن كېيىن ئاندىن مۇھەممەت ئارقىلىق باشقا بىر دىننى يارىتامۇ؟

## كونا ئەھدە (تەۋرات) بىلەن يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) نىڭ مۇناسىۋىتى

● كونا ئەھدە (تەۋرات) بىلەن يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) خۇدانىڭ ئادەملەرنىڭ دىلىغا سىڭىشى بىلەن يېزىلغان خۇدانىڭ كىتاپلىرىدۇر. خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانى تەۋراتتىن باشلانغان. تەۋرات بۇ ئۇلۇغ پىلانىنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ، ئەيسا مەسىھ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى ئاشكارلىنىپ ئەمىلىيەتكە ئايلانغان. ئەيسا مەسىھنىڭ مۆجىزىلىك ھالدا تۇغۇلىشى، كۆرسەتكەن كارامەتلىرى، كىرسىتتىكى قۇربانلىقى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلىشى قاتارلىقلار قەدىمقى مۇقەددەس يازمىلاردا كۆرسىتىلگەن مەسىھنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىنسانلار ئارىسىغا كىلىش توغرىسىدىكى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئەيسا مەسىھتىن 700 يىل بۇرۇن ياشىغان يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدا بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى روشەن بىشارەت قىلىنغان: «ئۇ بىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن يارىلاندى، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز سەۋەبىدىن ئېزىلدى. ئۇنىڭ جازالىنىشى بىلەن بىز تىنچلىققا ئېرىشتۇق، ئۇنىڭ يارىلانغان تېنى بەدىلىگە بىز شىپالىق تاپتۇق» (يەشايا پەيغەمبەر 53:5) . كونا ئەھدە (تەۋرات) تا قەدىمقى پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىدىغان يېڭى بىر دەۋرنىڭ يىتىپ كىلىدىغانلىقىنى ۋە قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئالدىن بىشارەت قىلغان. ئەخلاق قانۇنى تەۋراتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسرائىللارنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بىراق ئەڭ ئىخلاسمەن ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئەرشتىن كەلگەن ئەيسا مەسىھلا تەۋرات قانۇنىغا تولۇق ئەمەل قىلالايدۇ. ئۇ گۇناھسىز ھاياتى بىلەن كىرستتا قۇربانلىق بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى مېھرى-مۇھەببەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەۋراتتا ئىنجىل يۇشۇرۇنغان، ئىنجىل ئارقىلىق تەۋرات نامايەن قىلىنغان. ئەيسا مەسىھ تەۋراتتىكى بىر قىسىم بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى، بىر قىسمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۋاتىدۇ، قالغان قىسمىنى كەلگۈسىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

● ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرى تەۋراتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى ئىنجىل مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 5-باب 18-ئايەتتە تەۋراتنىڭ ۋاقىت چەكى كۆرسىتىلگەن، يەنى ئاسمان-زېمىن مەۋجۇتلا بولىدىكەن، تەۋراتنىڭ بىر تال ھەرپى ياكى بىر تال چېكىتىمۇ بىكار قىلىنمايدۇ، تەۋراتتا دىيىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىراق تەۋراتتىكى ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ ئاسمان-زېمىن يوقالغان تەقدىردىمۇ، ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرى يەنىلا مەۋجۇد بولىدۇ، مەڭگۈ بىكار قىلىنمايدۇ (ئىنجىل-مەتتا 24:35 ). دىمەك ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ

ۋاقىت چېكى يوق بولۇپ، مەڭگۈلۈك جەھەتتە تەۋراتنىمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

خۇدا ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەرگە تەۋراتنى ئوقۇڭلار دەپ ئەمر قىلىدۇ. ئەمما تەۋراتنى ئوقۇغاندا ئەگەر ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى چىراق قىلمىسا، تەۋراتنىڭ تېگىگە يەتكىلى، ئۇنى ھەقىقى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە مېھرى-مۇھەببىتى تەۋراتتا غۇۋا كۆرۈنگەن بولۇپ، ئىنجىل ئارقىلىق ئاندىن روشەنلىشىدۇ.

● كونا ئەھدە دەۋرىدە مۇقەددەس روھ پەقەت ئاز ساندىكى ئادەملەرگىلا بېرىلەتتى. يېڭى ئەھدە دەۋرىدە مۇقەددەس روھ پۈتۈن دۇنيادىكى ئېتىقاتچىلار جامائەتچىلىكىگە چۈشۈرىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرۇپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. يوئىل پەيغەمبەرنىڭ كىتابى 2-باب 28-32 ئايەتلەردە خۇدا كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھىنى ئىنسانلارغا چۈشۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. ئەيسا مەسىھمۇ ئۆزى كەتكەندىن كېيىن خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ (ئىنجىل-يۇھاننا 16:5-16 )، بۇ ۋەدە كېيىن ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تولغان ئېتىقاتچىلار زور جاسارەتكە تولىدۇ ۋە ھەرخىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، خۇش خەۋەرنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىشقا باشلايدۇ (ئىنجىل-ئەلچىلەر 2). ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان شۇنداقلا ھازىرمۇ خۇدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھىنى ئۇنى تىلىگەن ئادەملەرگە ئاتا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

● پاۋلۇس خۇدانىڭ ئىنسانلار تارىخىدا قىلغان ئىشلىرىنى ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەپ ئىككى دەۋرگە ئايرىيدۇ. «خۇدا ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى، ئۇ بىر ئايالدىن تۇغۇلغان بولۇپ، تەۋرات قانۇنىغا بويسۇنۇپ ياشىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، خۇدا تەۋرات قانۇنىغا قۇل بولغان بىزلەرنى بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىپ، بىزنى ئۆزىگە پەرزەنت قىلىشتۇر» (ئىنجىل-گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت 4:4-5 ) . ئىنجىل ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەتتە بۇرۇنقى ۋەھىلەر بىلەن كېيىنكى ۋەھىلەر ئېنىق ئايرىپ كۆرسىتىلگەن: « قەدىمقى زامانلاردا، خۇدا ئەجدادلىرىمىزغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ھەر خىل يوللار بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆزلىگەنىدى. مۇشۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردا بولسا بىزگە ئۆز ئوغلى ئارقىلىق سۆزلىدى. خۇدا كائىناتنى ئوغلى ئارقىلىق ياراتتى ۋە ئوغلىنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ مىراسخورى قىلىپ بېكىتتى» (ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 1:1،2 ) . قەدىمقى دەۋرلەردە، خۇدا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئادەملەرگە ۋەھى قىلغان بولسا، ئاخىرىدا خۇدانىڭ ئوغلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا ۋەھى قىلدى (خۇدانىڭ سۆزى بىۋاستە ئىنسان بولۇپ ئارىمىزغا كەلدى).

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: « پەرۋەردىگارىڭ خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن

جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن. ئەڭ مۇھىم ئەمر مانا شۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر مۇھىم ئەمر بولسا، قوشنائڭنى(ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرنى) ئۆزەڭنى سۆيگەندەك سۆي. بۇ ئىككى ئەمر پۈتۈن تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەر قىلغان تەلىملەرنىڭ باش پىرىنسىپىدۇر» (ئىنجىل-مەتتا 40-22:37 ). ئەيسا مەسىھ تەۋرات قانۇنىدىكى بارلىق ئەمرى-مەرۇپلارنى «خۇدانى سۆيۈش ۋە ئادەمنى سۆيۈش» تىن ئىبارەت ئىككى نوقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. بۇ تەۋراتتىكى ئەخلاق قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەڭ ياخشى كۆرسەتمىدۇر. ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر ئۇنىڭ نامى بىلەن مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، مېھرى-مۇھەببەتكە تولغان پاك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. « مېھرى-مۇھەببەت كۆرستىشتە بىر-بىرىڭلارغا قەرزدار بولغاندىن باشقا، ھېچكىمگە ھېچقانداق قەرزدار بولماڭلار. چۈنكى باشقىلارنى سۆيگەن كىشى تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. زىنا قىلما، قاتىللىق قىلما، ئوغرىلىق قىلما، ئاچكۆزلۈك قىلما دېگەن پەرزلەر ۋە باشقا پەرزلەر قوشنائڭنى ئۆزەڭنى سۆيگەندەك سۆي دېگەن ئەمرگە يىغىنچاقلانغان. باشقىلارنى سۆيگەن كىشى ئۇلارغا يامانلىق قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھرى-مۇھەببەت تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» (ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 10-13:8 ) . بىز پەقەت مۇقەددەس روھ ئاتا قىلغان يېڭى ھاياتلىققا تايىنىپلا ھەقىقى مېھرى-مۇھەببەتنىڭ ئىچىدە ماڭالايمىز. ئادەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خۇدانى سۆيەلمەيدۇ، بەلكى خۇدا مۇقەددەس روھى ئارقىلىق بىزنى ئۇنى سۆيۈشكە جەلىپ قىلىدۇ.

● ھارون ئەلەيكىسالام تەۋرات دەۋرىدىكى ئەڭ يوقىرى كاھىن ئىدى، ئەمما ئۇنى ئىنجىلدىكى باش كاھىن ئەيسا مەسىھ بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھارون يەر يۈزىدىكى خۇدانىڭ چېدىرىغا كىرگەن بولسا، ئەيسا مەسىھ ئاسماندىكى خۇدانىڭ دەرگاھىغا كىرىدۇ. ھارون يىلدا بىر قېتىم كىرىدۇ، ئەمما ئەيسا مەسىھ ھەر دائىم ئۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ھارون نۇرغۇن قېتىم قۇربانلىق قىلىدۇ، ئەمما ئەيسا مەسىھ بىرلا قېتىم قۇربانلىق بېرىدۇ. ھارون ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدۇ، ئەمما ئەيسا مەسىھ باشقىلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربان بولىدۇ.

● ئەيسا مەسىھ گۈزەل ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان باش كاھىن بولۇپ، ئادەم قولى بىلەن ياسالمىغان، بۇ دۇنياغا مەنسۇپ بولمىغان، ئەرشتىكى تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئىبادەت چېدىرىغا كىردى. ئۇ بۇ ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئۆچكە ياكى موزايلارنىڭ قۇربانلىق قېنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قېنىنى تۆكۈش ئارقىلىق بىرلا قېتىمدا كىردى. مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇپ، ئىنسانلارنى مەڭگۈگە ئازات قىلدى. كونا ئەھدە دەۋرىدە ئۆچكە ۋە بۇقىلارنىڭ قېنى ھەم ئىنەكنىڭ كۈلى ناپاك ئادەملەرنىڭ ئۈچىسىغا

سىپىلسە،ئۇلار سىرتقى جەھەتتىن تازلىنىپ پاك بولاتتى. ئۇنداقتا ئەيسا مەسىھنىڭ قېنىچۇ؟ ئۇ ۋىجدانىمىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان قىلمىشلاردىن پاك قىلىپ، بىزنى مەڭگۈ ھايات خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا تېخىمۇ يېتەكلىمەمدۇ؟! ئۇ خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك روھى ئارقىلىق ئۆزىنى كەم-كۈتىسىز قۇربانلىق سۈپىتىدە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن خۇداغا ئاتىدىغۇ (ئىنجىل-ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت 14-9:11 ). بۇ ئايەتلەر تەۋراتتىكى قۇربانلىق تۈزۈلمىسى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ بىردىنبىر قۇربانلىقىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرىدۇ.  تەۋراتتىكى قۇربانلىق خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن بولغان باش كاھىنلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋاقىتلىق چېدىرنىڭ ئىچىدە، ھايۋانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى، ھالبۇكى يېڭى ئەھدىدىكى قۇربانلىق بولسا ئەيسا مەسىھنىڭ مۇقەددەس قېنىنى ئەرشتىكى خۇدانىڭ بارگاھىدا قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق پۈتىدۇ. تەۋرات ۋاقىتلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن بىشارەت بەرگەن بولسا، ئىنجىل ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇردى. كونا ئەھدىدە ھايۋانلارنىڭ قېنى ئارقىلىق قىلىنغان قۇربانلىق ۋە ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا ئالدىن بېرىلگەن بىشارەتلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ۋە قۇتقۇزۇش پىلانىنى دەلىللەيدۇ.  يېڭى ئەھدىدە ئەيسا مەسىھ ئادەمنىڭ قەلبىنى پاكلايدۇ. ئۇنىڭ كىرستتىكى قۇربانلىقى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ گۇناھكار ئىنسانلارغا بولغان غەزىپى كىرستتە قۇربان بولغان ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق توختايدۇ.

• تەۋراتنىڭ لاۋىيلار دېگەن پارىسىدا دېيىلگەن قۇربانلىقلار ئەمەلىيەتتە ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، بىز خۇداغا قىلغان ھەمدۇسانا مەدھىيىلىرىمىزنى قۇربانلىق ئورنىدا سۇنۇش ئارقىلىق، بۇ تۈزۈمنى ئەمەلدە كۆرسەتتۇق. « شۇڭا بىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق، ھەمىشە ھەمدۇسانا مەدھىيىلىرىمىزنى خۇداغا قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنىشىمىز كېرەك، مانا بۇ ئۇنىڭ نامىنى ئېتىراپ قىلغانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان مېۋىدۇر» (ئىنجىل-ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت 13:15 ) . پاۋلوس بىز ئۆز تېنىمىزنى قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنىشىمىز كېرەك دەيدۇ: « شۇڭا ئەي قېرىنداشلار، خۇدا بىزگە شۇنداق رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكەنىكەن، ئۆزۈڭلارنى خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئاتالغان تىرىك قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بېغىشلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. مانا بۇ سىلەرنىڭ خۇداغا قىلغان ھەقىقى ئىبادىتىڭلاردۇر» (ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 12:1). ئەيسا مەسىھ بارلىق ئېتىقاتچىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۇلارغا كەلگۈسىدىكى مەنزىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىنى ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشتىن يۆتكەپ ئۆزىگە تەلپۈندۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قىلىنغان بىردىنبىر قۇربانلىقتۇر، شۇڭا ئېتىقاتچىلارمۇ ئۇنى ئەمەلدە

كۆرستىشى، روھى جەھەتتىكى قۇربانلىقنى بېغىشلىشى كېرەك.

• كونا ئەھدە (تەۋرات) تىكى خەتنە قىلىش ۋە ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشتەك تەلىملەرنىڭ ئەمدى چەكلەش كۈچى قالمىدى. پاۋلۇس كونا ئەھدىدىكى تەلىملەر ئارقىلىق بىزگە قەلبتىكى ھەقىقى خەتنىنى ئۆگەتتى (ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 29،28:2)، تەۋراتتىكى جىسمانىيەتكە چېتىشلىق كونا ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم روھى ھەقىقەت دەرىجىسىگە كۆتۈردى. بىزنىڭ قەلبىمىز «خەتنە» قىلىنغاندىلا ئاندىن يېڭى ئەھدە ئىچىگە كىرەلەيمىز. قانداق نەرسىنى يېيىش ياكى يېمەسلىكىمىز «بىزنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ» (ئىنجىل-كورىنتلىقلارغا يېزىلغان خەت 8:8 ). «ئېتىقاتچىلارنىڭ خەتنە قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى خۇدانىڭ ئەمىرلىرىگە ئەمەل قىلىشتۇر» (ئىنجىل-كورىنتلىقلارغا يېزىلغان خەت 7:19 ، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيتى 16:3). تەۋراتتىكى ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىگە چېتىلىدىغان ئىشلار ئەڭ ئاخىرىدا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق روھىيەت دۇنياسىدىكى ئىشلارنى كۆرستىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە، بارلىق يېمەكلىك قائىدە-يوسۇن جەھەتتىن پاك ھىساپلىنىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كيىن، پېتروسقا بىر غايىبانە ئالامەتنى كۆرستىش ئارقىلىق، بارلىق جانلىقلارنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: «خۇدا پاك قىلغاننى ناپاك دەپ قاراشقا بولمايدۇ» (ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيتى 10:15)

• تەۋراتتا خۇدا ئىسرائىللارغا يۆتكىلىشچان چېدىر تىكلەشنى بۇيرۇيدۇ (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 25:27)، كيىن سولايمان پادىشاھقا ئىبادەتخانا سېلىشنى بويرۇيدۇ (پادىشاھلار 1:5-6:38 ، 7:13-8:66 ). ئەيسا مەسىھ يەرسىلەرگە (ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدى مولللارغا) مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئېيتىپ قۇيايكى، بۇ يەردە ئىبادەتخانىدىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى بار» (ئىنجىل-مەتتا 12:6). ئەيسا مەسىھ شەخىس ھەم جامائەتنىڭ ئىچىدە ئىبادەتخانىدا يۈرگۈزىلىدىغان قانۇن بىلەن قۇربانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ھايات ئىبادەتخانىنى يەنى جامائەتنى شەكىللەندۈردۇ. (ئىنجىل-كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت 3:16 ، پېتروس يازغان بىرىنچى خەت 8-2:4 )، مەسىھ جامائىتى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ.

• ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ تىنى ۋە جامائىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭ ۋە مۇكەممەل بولغان خۇدانىڭ «چېدىرى» نى تىكلىدى (ئىنجىل-ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 9:11). بۇ تەۋرات دەۋرىدىكى چېدىرنىڭ يەنە بىر يوقىرى بالداققا كۆتىرىلىشىدۇر. ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىنى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسى ئىسرائىللارنىڭ قانان رايونىغا كىرىشىدىن ھالقىپ پۈتۈن دۇنياغا كېڭىيىدۇ (ئىنجىل-مەتتا 20-28:18). مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن

چاقىرىلىپ، روھى دۇنيادىكى كۆرەشكە ئاتلىنىشى، ھەربى ئۇرۇش بولماستىن بەلكى خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش خۇش خەۋىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ، ئىنسانلارنى شەيتاننىڭ قۇللىقى ۋە ئۆلۈمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازات قىلىشتۇر. «ئەيسا» دىگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئەسلى ئىبرانىچە ئاتىلىشى «يەشۇئا» بولۇپ، موسا پەيغەمبەردىن كىيىن خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلىپ ئىسرائىللارغا يىتەكچى بولغان ۋە ئۇلارنى خۇدا ۋەدە قىلغان قانان رايونىغا باشلاپ ئەكىرگەن داھىنىڭ ئىسمىمۇ يەشۇئا ئىدى. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنى خۇدا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا (جەننەتكە) باشلاپ كىرگۈچى ئىككىنچى يەشۇئادۇر.

● ئەيسا مەسىھ زەبۇرنىڭ 118-پارە 22-23 مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى ئىنكار قىلغان كاھىنلار ۋە يەھۇدى موللىلارنى ئەيىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر زەبۇردىكى مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇمىغانمۇ؟ تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش قۇرۇلۇشنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالدى. بۇنى پەرۋەردىگار شۇنداق قىلغان، بۇ بىز ئۈچۈن ئاجايىپ بىر ئىشتۇر» (ئىنجىل-مەتتا 21:42 ؛ زەبۇر 118:22،23 ). باش كاھىن ۋە يەھۇدى موللىلار بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 21:45)

● ستىپان دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە مەسىھ ئېتىقاتى ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ شېھىت بولغان كىشىدۇر. ئۇ تەۋراتنىڭ تارىخىنى يەكۇنلەش ئارقىلىق، ئۆزىنى ھەققانى دەپ ئاتىۋالغان يەھۇدى موللىلارنى ئەيىپلەيدۇ. (ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 7:1-8:1 ) . بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ روھى دۇنيادىكى ئارقا كۆرىنىشى بولسا، شۇ دەۋردىكى يەھۇدىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەۋرات چۈشەنچىسى بويىچە تۈزىۋالغان تۈزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئالدىن بىشارەت قىلغان ئەيسا مەسىھتەك بىر ھەققانى ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدا ئىدى. (ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 7:51،52 )

● ئىنجىل تەۋراتنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئىشەنچ، ئەخلاق، خۇداغا بولغان ئۈمۈد ۋە مەدھىيە، شۇنداقلا باشقا مەڭگۈلۈك تىمىلار توغرىسىدا ئېتىقاتچىلارغا تەلىم بېرىدۇ. تەۋراتتىكى روھىيەت دۇنياسىغا ئائىت تەلىملەر ۋە ئومومى ھەقىقەتلەر، مەسىلەن خۇداغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش قاتارلىق تەلىملەر، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا نىسبەتەن يەنىلا نوپۇزلۇق ۋە كۈچكە ئىگىدۇر.

● ئىنجىل ئىبرانىلارغا يىزىلغان خەت 4-بابتا، تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1-3 بابلاردىكى خۇدانىڭ 7-كۈنى ئارام ئېلىشىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئاراملىق كۈنى ئەيسا مەسىھ ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز ئۇنىڭ كىرستتە بەرگەن قۇربانلىقى ئىچىدە ئارام تاپىمىز. خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرگە بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ، ئىبراھىم خۇدانىڭ

سۆزىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن ھەققانىي ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 15:6). تەۋراتتىكى بۇ ساۋاق بىزنىڭمۇ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەققانىيىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىدۇ. ئەلچى پاۋلۇس تەۋراتتىكى بۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق بىزنىڭ قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىدىغىنىمىزنى ۋە ئەيسا مەسىھكە بولغان ئىشەنچىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ (ئىنجىل ـ رىملىقلارغا يېزىلغان خەت). خۇدا ئىسرائىللارغا كۆپ قېتىم مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىڭلار، ئۆزۈڭلارغا ناپاك نەرسىلەرنى يۇقتۇرماڭلار، شۇندىلا مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن. مەن سىلەرگە ئاتا، سىلەر ماڭا پەرزەنت بولىسىلەر (تەۋرات ـ لاۋىيلار 26:12 ؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر 32:38 ؛ ئىزەكىيال پەيغەمبەر 37:27 ؛ يەشايا پەيغەمبەر 52:11 ) . پاۋلۇس تەۋراتنى نەقىل قىلىپ ئېتىقاتچىلارنىڭ پاكلىقنى ساقلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ قاراڭغۇلۇقتا ۋە ئېتىقاتچى ئەمەسلەرنىڭ ئارىسىدا ناپاك نەرسىلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرماي ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 6:17)

- تەۋراتتا زىنا قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن (تەۋرات ـ لاۋىيلار 20:10). ئەلچى پاۋلۇس ئېتىقاتچىلار جامائەتچىلىكى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بۇرۇن زىنا قىلىپ باققانلىقىنى (ئۇ يەنە تەۋراتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلاردىن پاھىشىلەر ۋە ھەمجىنىسلارنى تىلغا ئالىدۇ) ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھازىر ئەيسا مەسىھنىڭ نامى ۋە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپ پاكلىنىش يولىستىگە ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت 6:11)

- كونا ئەھدە دەۋرىدە، تەۋرات قانۇنىغا ئاساسەن بەزى گۇناھلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئەمما يېڭى ئەھدە دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىنجىلغا ئاساسەن گۇناھكار ئادەملەر باشقىچە ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. ئۇلار ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلىش ئارقىلىق قۇتقۇزىلىدۇ ۋە گۇناھى يۇيۇلۇپ پاكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلىشنى خالىمىسا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ تاللىشى. مۇشۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋالدىمۇ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يەنىلا تەلىم بېرىش ۋە دۇئا قىلىش ئارقىلىق روھى كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. گۇناھكار ئادەملەرگە تەھدىت سېلىش، جىسمانى زەربە بېرىش ياكى ئۆلارنى ئۆلتۈرۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئەيسا مەسىھ كىرستتا بەرگەن قۇربانلىقى ئارقىلىق تەۋراتتا ئىنسانلارغا بېرىلگەن قاتتىق جازانى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بولغان.

**ئەيسا مەسىھنىڭ مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىكى ئوبرازى**

تەۋراتتا:

- «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دا، ئەيسا مەسىھ «ئايالنىڭ ئەۋلادى» دۇر.
- «مىسىردىن چىقىش» تا، ئۇ ئۆتۈپ كېتىش بايرىمىدىكى قۇربانلىق قوزىدۇر.
- «لاۋىيلار» دا، ئۇ ئەڭ ئالى كاھىندۇر.
- «نوپۇس سانى» دا، ئۇ ئىسرائىللارنى چۆلدە يېتەكلەپ ماڭغان بۇلۇت ۋە ئوت تۈۋرۈكىدۇر.
- «قانۇن شەرھى» دە، ئۇ كەلگۈسىدە كېلىدىغان موساغا ئوخشايدىغان چوڭ پەيغەمبەردۇر.
- «يەشۇئا» دا، ئۇ خەلقنى يېتەكلىگۈچى باش قوماندانىدۇر.
- «سەردارلار» دا، ئۇ باش سەردار ۋە قانۇن تۈزگۈچىدۇر.
- «رۇت» تا، ئۇ ئۇرۇق-تۇققانلىرىمىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر.
- «سامۇئىل» دا، ئۇ ئىشەنچلىك پەيغەمبەردۇر.
- «پادىشاھلار» ۋە «تارىخلار» دا، ئۇ ھوقۇق تۇتقان پادىشاھتۇر.
- «ئەزرا» دا، ئۇ ئۆرۈلگەن سېپىلنى قايتا قوپۇرغۇچىدۇر.
- «نەخەمىيا» دا، ئۇ ۋەيران بولغانلارنى قايتا قۇرغۇچىدۇر.
- «ئەستىر» دە، ئۇ خەلقنى بالا-قازادىن ساقلىغۇچىدۇر.
- «ئايۇب» تا، ئۇ مەڭگۈ ھايات قۇتقۇزغۇچىدۇر.
- «زەبۇر» دا، ئۇ ئۆز قويلىرىنى باقىدىغان ۋە قوغدايدىغان ياخشى قويچىدۇر.
- «پەند-نەسىھەت» ۋە «ھېكمەت» تە، ئۇ ئەقىل-پاراسەتتۇر.
- « سۆيگۈ ناخشىسى» دا، ئۇ سۆيۈملۈك كۈيئوغۇلدۇر.
- «يەشايا» دا، ئۇ تىنچلىق ئوغلىدۇر.
- «يەرەمىيا» دا، ئۇ ھەققانىيەتنىڭ شېخىدۇر.
- «مەرسىيە» دە، ئۇ يىغلىغان پەيغەمبەردۇر.
- «ئىزەكىئال» دا، ئۇ غايىپتىن كەلگەن تۆت يۈزلۈك ئىنسانئوغلىدۇر.

- «دانىيال» دا، ئۇ ئوت يالقۇنى ئىچىدە پەيدا بولغان 4-ئادەمدۇر.
- «ھوشىيا» دا، ئۇ بىۋاپا خوتۇنىنى مەڭگۈ تاشلىمايدىغان سادىق ئەردۇر.
- «يوئىل» دا، ئۇ مۇقەددەس روھ ۋە ئوت بىلەن چۆمۈلدۈرگۈچىدۇر.
- «ئاموس» تا، ئۇ بىزنىڭ ئېغىر يۈكىمىزنى كۆتۈرگۈچىدۇر.
- «ئوبادىيا» دا، ئۇ قۇدرەتلىك قۇتقۇزغۇچىدۇر.
- «يونۇس» تا، ئۇ يات ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ مىسسىئونېردۇر.
- «مىكا» دا، ئۇ ئايىقى قۇتلۇق ئەلچىدۇر.
- «ناھۇم» دا، ئۇ خۇدا تاللىغان قىساسكاردۇر.
- «خاباقۇق» تا، ئۇ خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچىدۇر.
- «زىفانىيا» دا، ئۇ بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىزدۇر.
- «ھاگاي» دا، ئۇ خۇدانىڭ يوقالغان مۈلكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىدۇر.
- «زاكارىياھ» تا، ئۇ گۇناھ ۋە ناپاكلىقنى يۇيۇش ئۇچۇن، داۋۇتنىڭ ئۆيىدە قىزىلغان بۇلاقتۇر.
- «مالاكى» دا، ئۇ ھەققانىيەت قۇياشى بولۇپ، شىپالىق قانىتى بىلەن كۆككە ئۆرلەيدۇ.

ئىنجىلدا:

- «مەتتا» دا، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھىدۇر.
- «ماركوس» تا، ئۇ خەلقنىڭ چاكىرىدۇر.
- «لۇقا» دا، ئۇ بىزنىڭ بارلىق ھېسسىياتىمىزنى چۈشىنىدىغان ئىنسانئوغلىدۇر.
- «يوھاننا» دا، ئۇ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر.
- «ئەلچىلەر» دە، ئۇ دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر.
- «رىملىقلار» دا، ئۇ خۇدانىڭ ھەققانىيىتىدۇر.
- «كورىنتلىقلار 1» دە، ئۇ ئىسرائىللارنىڭ قورام تىشىدۇر.
- «كورىنتلىقلار 2» دە، ئۇ غەلىبە ئېلىپ كەلگۈچىدۇر.
- «گالاتىيالىقلار» دا، ئۇ بىزنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر.

- «ئەفەسلىكلەر» دە، ئۇ جامائەتنىڭ بېشىدۇر.
- «فىلىپىلىكلەر» دە، ئۇ بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزدۇر.
- «كولوسىلىقلار» دا، ئۇ بىزنى پۈتۈن قىلغۇچىدۇر.
- «سالونىكالىقلار» دا، ئۇ بىزنىڭ ئۈمىدىمىزدۇر.
- «تىموتىي 1» دە، ئۇ بىزنىڭ ئىشەنچىمىزدۇر.
- «تىموتىي 2» دە، ئۇ بىزنىڭ كاپالىتىمىزدۇر.
- «تىتوس» تا، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر.
- «فىلىمون» دا، ئۇ بىزنىڭ شەپقەتچىمىزدۇر.
- «ئىبرانىلار» دا، ئۇ بىزنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر.
- «ياقۇپ» تا، ئۇ ئېتىقاتىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسىدۇر.
- «پېتروس 1» دە، ئۇ بىزنىڭ ئۈلگىمىزدۇر.
- «پېتروس 2» دە، ئۇ بىزنىڭ پاكلىقىمىزدۇر.
- «يۇھاننا 1» دە، ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدۇر.
- «يۇھاننا 2» دە، ئۇ بىزنىڭ نەمۇنىمىزدۇر.
- «يۇھاننا 3» تە، ئۇ بىزنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىزدۇر.
- «يەھۇدا» دا، ئۇ ئېتىقاتىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.
- «ۋەھىيلەر» دە، ئۇ ئەرشتىن كەلگەن پادىشاھتۇر.

### مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئىشەنچلىكلىكى

• ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كىلىپ چىقىشى ئوخشىمىغان 40 نەچچە ئادەم (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر بىرىنى تونىمايدۇ)، 1500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا (تەخمىنە مىلادىدىن بۇرۇنقى 1450-يىلدىن مىلادى 98-يىلىغىچە)، جەمئىي 66 پارچە كىتاپنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇلار تارىخ، قانۇن، تەرجىمىھال، شېئىر، خەت چەكلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىن بىر كىتاپ بولۇپ تۈپلەنگەندە، ئۇلارنىڭ باش تېمىسى ۋە مەزمۇنى باشتىن ئاخىر باغلىنىشچانلىقتا ۋە ئىزچىللىقتا ئىگە بولۇپ، خۇددى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن چىققان كىتاپتەك مۆجىزىلىك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ كەينىدە گويا بىر غايىبانە كۈچ-قۇدرەت ۋە ئەقىل-پاراسەت باردەك، مانا

شۇ سىرلىق كۈچ قۇدرەت بۇ كىتاپنى لايىھىلەپ پىلانلىغاندەك كۆرىنىدۇ. مۇقەددەس كىتاپتا باشتىن ئاخىر بىر باش تېما قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ باش تېما دەل خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانىدۇر. خۇدانىڭ سۆزلىرى ھەر بىر يازغۇچىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرىنىش بىلەن زىچ يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى يازمىلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ۋاقىت ۋە تارىخى ئارقا كۆرىنىشكە ئاساسەن ناھايىتى تەرتىپلىك ۋە مەنتىقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، باش تېمىنىڭ بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئېلگىرى سۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. تۇنجى يازما «تەۋرات- ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دىن باشلاپ ئەڭ ئاخىرقى يازما «ئىنجىل-ۋەھىلەر» گىچە بولغان 66 پارچە يازمىدا بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئادىمزاتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرى ۋە دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشىغىچە بولغان، باش-ئايىقى ئېنىق بولغان بىر ۋەقەلىك ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. مۇقەددەس كىتاپتا ئىنتايىن يوقىرى ۋە مۇكەممەل بولغان ئەخلاق ئۆلچىمى، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەت، شۇنداقلا زامان جەھەتتە مەڭگۈلۈك بولغان، ماكان جەھەتتە پۈتۈن دۇنياغا ماس كېلىدىغان ھەقىقەت باردۇر.

- مۇقەددەس كىتاپتا كەلگۈسى توغرىلىق ئالدىن بېرىلگەن بىشارەتلەر 8352 ئايەت بولۇپ، پۈتۈن مۇقەددەس كىتاپنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.

- ئارخىلوگلار يەر ئاستىدىن مۇقەددەس كىتاپتا دېيىلگەن ئادەم، جاي ۋە بۇيۇملارغا ئائىت نۇرغۇن ئارخىلوگىيىلىك يادىكارلىقلارنى تاپقان بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرە ۋە بايانلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى ئىسپاتلاپ بىرەلەيدۇ. مەسىلەن:

  - 1952-يىلى قېزىپ چىقىلغان قەدىمقى يەرىكو شەھرىنىڭ خارابىسى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەزكۇر شەھەرنىڭ ھەقىقەتەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 13-ئەسىرلەردە ھوجۇمغا ئۇچراپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى بايقالغان. تېخىمۇ غەلىتە بولغىنى مەزكۇر شەھەرنىڭ سېپىل تېمى سىرتىغا قاراپ ئۆرۈلگەن. («يەشۇئا» 6-بابتىكى خاتىرىگە ماس كېلىدۇ)

  - ئارخىلوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سامارىيەدە قەدىمقى ئىسرائىل پادىشاھى ئاھاب سالدۇرغان پىل چىشى ئوردىسىنىڭ خارابىسى تېپىلغان. («پادىشاھلار» 22:39 )

**مۇقەددەس كىتاپتا پۈتكۈل ئالەم ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى تەپسىلى بايان قىلىنغان، باشقا دىنلارنىڭ كىتاپلىرىدا بۇنداق ئەھۋال كەم ئۇچرايدۇ.**

● مۇقەددەس كىتاپ نوقۇل تارىخى كىتاپلا ئەمەس، ئۇنىڭدا يەنە خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئىرادىسى ۋە پىلانى سۆزلىنىدۇ. تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1 ـ بابتىن 11 ـ بابقىچە خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشى ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خاتىرلەنگەن. 12 ـ بابتىن باشلاپ تاكى كونا ئەھدىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇدا بىلەن ئىبراھىم پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت خاتىرلەنگەن. ۋاقىت دائىرىسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن تارتىپ تاكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 400 ـ يىللارغىچە بولغان. ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى شۇنداقلا دەسلەپكى جامائەتچىلىكنىڭ مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مىلادى 90 ـ يىللارغىچە بولغان ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرلەنگەن. مۇقەددەس كىتاپتا يەنە نۇرغۇن تارىخى بىشارەتلەر ئالدىن بېرىلگەن بولۇپ، كونا ئەھدە (تەۋرات) تىكى بەزى بىشارەتلەر كونا ئەھدە دەۋرىدىلا ئەمەلگە ئېشىپ بولغان. كونا ئەھدە دەۋرىدىكى قەدىمقى يازمىلاردا قۇتقۇزغۇچى مەسىھ توغرۇلۇقمۇ يېزىلگەن بىشارەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھتە ئەمەلگە ئاشقان. يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دا مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئالدىن بىشارەت بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئىش مىلادى 70 ـ يىلى ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن. ئىنجىلدا يەنە ئىسرائىللارنىڭ پۈتۈن دۇنياغا چېچىلىپ كېتىدىغانلىقى ۋە كەلگۈسىدە دۆلىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئالدىن بىشارەت قىلىنغان، بۇمۇ 1948 ـ يىلى ئەمەلگە ئاشقان. ئىنجىل ۋەھىلەردە ۋە باشقا يازمىلاردا زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ۋە يېڭى ئاسمان ـ زېمىن توغرۇلۇق بىشارەتلەر بېرىلگەن، بۇ ئىشلارمۇ ھەقىقەتەن يۈز بېرىشكە باشلاۋاتىدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپتا دۇنيا ۋە ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك شۇنچە كۆپ تارىخى خاتىرىلەر ۋە ئالدىن بىشارەتلەر بولۇپ، بۇ جەھەتتە دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ كىتابىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مۇقەددەس كىتاپتىكى تارىخى خاتىرىلەرنىڭ چىن ياكى ئەمەسلىكى، ئالدىن بېرىلگەن بىشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقان ـ ئاشمىغانلىقىنى ھەرقانداق بىر ئادەم ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ئىزدىنىپ تەكشۈرۈپ باقسا، شۇ ئارقىلىق مۇقەددەس كىتاپنىڭ خۇدادىن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەپەككۇر قىلىپ باقسا بولىدۇ. باشقا دىنلار، پەلسەپە ۋە ياكى ھەرخىل ئىدىيە ـ ئىزىملارنىڭ كىتابلىرىدا ئومومەن تارىخلىق بولمايدۇ، گەرچە بەزىلىرىدە قىسمەن تارىخى تەھلىللەر بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مەلۇم بىر بۆلەك تارىخ ياكى دەۋرگە بولغان قىسمەن قاراش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، تەپسىلىلىك ۋە مۇكەممەللىك بولمايدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپتا خاتىرلەنگەن، يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر ئېتىقات قىلىپ كەلگەن خۇدا، مانا شۇ تارىختا ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە نوپۇزىنى ئىنسانلارغا روشەن نامايەن قىلغان ھەقىقى خۇدادۇر.

• گەرچە قۇرئانىدىمۇ ئاللانىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقى، ئادەم ئاتا ۋە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېكايىلىرى، قىيامەت، جەننەت ۋە دوزاق توغرۇلۇق قىسمەن خاتىرلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ خاتىرىلەر ناھايىتى پارچە-پۇرات ۋە چۇۋالچاق بولۇپ، تەرتىپ ۋە ئىزچىللىقىغا ئىگە ئەمەس، باش-ئاخىرى يوق. قۇرئاندا ئەمەلگە ئاشقان بىرەر روشەن بېشارەتمۇ يوق. بۇ جەھەتلەردىن ئۇنى مۇقەددەس كىتاب بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە.

## مۇقەددەس كىتابنىڭ يېزىلىشىغا ئائىت پاكىتلار

• مۇقەددەس كىتابنىڭ مەزمۇنى ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئەزەلدىن ئۆزگەرۈپ باققىنى يوق. بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان مۇقەددەس كىتاب بىلەن قەدىمقى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش.

• كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى) يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس يازمىلار دەپ مۇقۇملاشتۇرۇلغان ۋە ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇنلا مۇقەددەس كىتاب بولۇپ تۈپلىنىپ بولغان. يەھۇدى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مۇقەددەس كىتابنىڭ كونا ئەھدە قىسمى مىلادىدىن بۇرۇنقى 458-يىللىرى ئەزرا تەرىپىدىن رەتلەنگەن.

يېڭى ئەھدە (ئىنجىل)

• يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دىكى ئەڭ دەسلەپ يېزىلغان يازما «ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 45-55 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان. ئەڭ كېيىن يېزىلغىنى «ۋەھىلەر» بولۇپ، مىلادى 98-يىلى يېزىلغان.

پېتروسنىڭ گۇۋاھلىقى (ئەيسا مەسىھنىڭ چوڭ شاگىرتى)

• پېتروس ۋە باشقا شاگىرتلار ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 32-5:30 )

• پېتروس ئۆز كۆزى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ نۇر ئىچىدە شان-شەرەپكە پۈركەنگىنىنى كۆرگەن، ئاسماندىن خۇدانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ: «بۇ مىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەنمەن» دېگىنىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان. (پېتروس ئىككىنچى خەت 18-1:16 )

• پېتروس ئەلچى پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ نوپۇزلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ( پېتروس ئىككىنچى خەت 3:15،16 )

• ئىنجىل «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نىڭ يازغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ:

نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ قىلغان ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرلەشكە كىرىشتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى باشتىن-ئاخىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ خۇش خەۋەر تارقاتقانلارنىڭ بايانلىرىنى ئاساس قىلغان. مەنمۇ بۇلارنى باشتىن تارتىپ تەپسىلى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتىم، ھەممە ئۆز تەرتىپى بويىچە رەتلەپ يېزىپ چىقتىم. (لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 3-1:1 )

• پاۋلۇس لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەردىن نەقىل ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. (تىمۇتى بىرىنچى خەت 5:17 ، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 10:7 )

• «ۋەھىلەر» ئۆزىنى خۇدادىن كەلگەن بىشارەتلەر دەپ جاكارلايدۇ. (ۋەھىلەر 1:1،3 ، 22:18،19 )

• يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا مەنسۇپ بولغان يازمىلار مىلادى 190-200 يىللىرىغىچە ئاساسى جەھەتتىن بىكىتىلىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ئالېكساندىرىيەدىكى جامائەتچىلىكنىڭ داھىسى كلېمېنت (Clement) ۋە تېرتۇلئان (Tertullianus) لارنىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

• تارىختا پەيدا بولغان بەزى ئاتالمىش ئىنجىل كىتاپلار (مەسىلەن نوستىك ئىنجىلى) ئەمىلىيەتتە خېلى كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان كىتاپلار بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە دەسلەپكى ئىنجىل بىلەن زىت كېلىدۇ، شۇڭا مەسىھ جامائىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

• مىلادى 324-يىلى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇچيۈزدىن ئارتۇق مەسىھ جامائەتچىلىكنىڭ باش يىتەكچىلىرى بىرلىكتە قارار قېلىپ، تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا مەنسۇپ بولغان يازمىلارنى رەسمى بىكىتىدۇ.

1) ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى يازغان بولىشى كىرەك.

2) ئەيسا مەسىھنى ياكى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇلار بىلەن بىرگە بولغانلار يازغان بولىشى كىرەك.

3) بىرىنچى ئەۋلاد مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بار دەۋرلەردىلا مەۋجۇد بولغان بولىشى كىرەك.

4) يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ نوپۇزى تارىخى ئەنئەنە تەرىپىدىن دەلىللىنىشى كىرەك.

(دىمەك 3،4 كە ئاساسلانغاندا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا توساتتىن ئوتتۇرغا چىقىپ قالغان يازمىلار ئېتىراپ قىلىنمايدۇ)

5) ئەينى ۋاقتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جامائەتچىلىكلەر تەرىپىدىن ئومومىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان، ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئىشلىتىلىۋاتقان بولىشى كېرەك.

6) ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ تەلىملىرىگە ماس كېلىشى كېرەك.

دېمەك يۇقۇرقى 6 شەرتنى قانائەتلەندۈرگەن يازمىلارلا ئاندىن يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا مەنسۇپ يازمىلار دەپ قوبۇل قىلىنغان.

## مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىسپاتلىرى

● كونا ئەھدىگە مەنسۇپ مۇقەددەس يازمىلار ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇنلا كىتاب قىلىپ توپلىنىپ بولغان.

● «ئۆلۈك دېڭىز پۈتۈكلىرى». 1947-يىلى بىر ئەرەپ قويچى ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى قۇمران ئۆڭكۈرىدىن نۇرغۇن قەدىمقى پۈتۈكلەرنى بايقايدۇ. كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇ پۈتۈكلەرنىڭ بۇندىن 2 مىڭ يىل بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابنىڭ قوليازما پارچىلىرى ئىكەنلىكى ئاشكارلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، مىسىردىن چىقىش، لاۋىيلار، نوپۇس سانى، قانۇن شەرھى، سامۇئىل پەيغەمبەر 1- ۋە 2-كىتاب، ئايۇب پەيغەمبەر، زەبۇر، خاباقۇق ۋە يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى قاتارلىق مۇقەددەس يازمىلار تېپىلىدۇ. كېيىن قۇمرانغا يېقىن جايدىكى يەنە بىر ئۆڭكۈردىن كونا ئەھدىگە مەنسۇپ بولغان باشقا قەدىمقى پۈتۈكلەرمۇ تېپىلىدۇ. تېپىلغان بۇ قەدىمقى قولىيازمىلارنىڭ مەزمۇنى ھازىرقى مۇقەددەس كىتابتىكى مەزمۇنلار بىلەن پەرقلەنمەيدۇ.

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 250-100 يىللار ئارلىقىدا، ئالېكساندىرىيەدە ياشاۋاتقان يەھۇدىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 70 يەھۇدى ئۆلىماسى كونا ئەھدىنى ئىبرانى تىلىدىن گىرىك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ تارىختا «70 ئۆلىمانىڭ تەرجىمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتابنى مىلادى 1-ئەسىردىكى يەھۇدىلار ۋە مەسىھىلەر ئورتاق ئىشلەتكەن.

● ئىنجىل (يېڭى ئەھدە) تارىختا كۆچۈرۈلمە نوسخىسى ئەڭ كۆپ يېزىلغان كىتاب بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن جەمئى 24 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كۆچۈرۈلمە نوسخىسى تېپىلدى. بۇ جەھەتتە دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر كىتابنى ئىنجىلغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ قولىيازمىلارنىڭ بەزىلىرى تولۇق نوسخا يەنە بەزىلىرى قىسمەن نوسخىدۇر، ئۇلار:

▼ 5 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق گىرىكچە قولىيازمىلار.

▼ 10 ملك پارچىدىن ئارتۇق لاتىنچە قولىيازمىلار.

▼ 9 ملك پارچىدىن ئارتۇق باشقا تىل-يېزىقتىكى قولىيازمىلار.

● يوقۇردا كۆرستىلگەن نۇرغۇنلىغان قەدىمقى قولىيازمىلار بىلەن ھازىرقى مۇقەددەس كىتاپىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى (98.33%) پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدا (1.67%) ئىنتايىن كىچىك پەرقلەر كۆرۈلگەن. بۇ قەدىمقى نوسخىلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ساقلىنىۋاتىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، بۇ كىچىك پەرقلەر نەچچە ملك يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس يازمىلارنى قولدا كۆچۈرۈپ تارقىتىشى ۋە كۆچۈرۈلمە سانىنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. كۆپىنچە پەرقلەر ئاساسلىقى ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشى ياكى كۆچۈرگۈچىنىڭ ئايەتلەرنىڭ كەينىگە قىسقىچە ئىزاھات يېزىپ قويۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىسى ۋە تەلىملىرىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. قولدا كۆچۈرۈش جەريانىدا كېلىپ چىققان بۇ خىل كىچىك پەرقلەرنىڭ كۆرىلىشى بىلەن «ئىنجىل تارىختا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەن تۆھمەت پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىككى ئىشتۇر.

(قۇرئاننىڭ گەرچە ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمقى قولىيازما نوسخىلىرى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ يەنىلا پەرقلەرنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ئاشكارلىنىۋاتىدۇ. قۇرئان دىگەن قىسمىغا قاراڭ)

**ئىنجىلنىڭ ئەڭ قەدىمقى قولىيازما پارچىلىرى**

● ماگدالىن قولىيازمىسى. ھازىر ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ماگدالىن ئىنىستىتوتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مىلادى 65-70 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

● ئاسىنىۇ قولىيازمىسى. مىسىردىن تېپىلغان، يىكەن قەغەزگە يېزىلىپ قوم دۆۋىسىگە كۆمۈلگەن. ئارىسىدا يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. مىلادى 125-يىلى يېزىلغان.

● يۇھان رېيلاندس قولىيازمىسى. 1935-يىلى مىسىردا تېپىلغان، ھازىر ئەنگلىيە مانچېستىر شەھرىدىكى يۇھان رېيلاندس كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. مىلادى 125-150 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• بادمو سامان قەغەز قولیازمىسى. ھازىر ئامېرىكا مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. مىلادى 200- يىلى يېزىلغان.

• چېستېر بىتتى سامان قەغەز قولیازمىسى. ئىنجىلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (تۆت خۇش خەۋەر، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى، پاۋلۇسنىڭ خەتلىرى، ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت، ۋەھىيلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مىلادى 200- 250 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

## ئىنجىلنىڭ تولۇق قولیازما نۇسخىلىرى

• ۋاتىكان قولیازما نۇسخىسى. قوي تېرىسىغا ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغان. ھەر بىر بەتتە 3 ئىستون، ھەر بىر ئىستوندا 42 قۇر بار. ۋاتىكان كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 325- 400 يىللار ئارلىقىدا يېزىلغان.

• ئالېكساندىرىيە قولیازما نۇسخىسى. بۇ قولیازما نۇسخىسىنى مىلادى 1628- يىلى كونستانتىنپول ئېپىسكوپى لۇكاس ئالېكساندىرىيەدىن ئەنگىلىيەگە ئېلىپ كىلىپ، ئەنگىلىيە پادىشاھى چارلىزغا تەقدىم قىلىدۇ. ھازىر ئەنگىلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدىكى بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 325- 450 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• سىناي قولیازما نۇسخىسى. مىلادى 1844- يىلى گېرمانىيەلىك ئالىم كونستانتىن تىسچىندوف مىسىرنىڭ سىناي تېغىدىكى كەسىرىن مۇناستىرىدىن تاپىدۇ. ئۇ قولیازمىنى ئەينى ۋاقىتتىكى چاررۇسىيە ئىمپېراتورى ئالېكساندىرغا تەقدىم قىلىدۇ. 1933- يىلى ئەنگىلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسى سۆۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىۋالىدۇ. ھازىر بۇ قولیازمىنىڭ 347 بېتى ئەنگىلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا، 6 بېتى روسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا، 43 بېتى گېرمانىيە لەيپزىگ ئۇنىۋېرسىتىدا، 12 بېتى مىسىردا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 325- 450 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• ئېفرايىم قولیازما نۇسخىسى. قوي تېرىسىغا يېزىلغان، خەتلىرى كۆركەم، تىنىچ بەلگىلىرى يوق، ھەر بىر بەتنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلغان. ھازىر فرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 400- 450 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• بېزەك قولیازما نۇسخىسى. ھازىر ئەنگىلىيە كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مىلادى 450- يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان.

**باشقا قولىيازما ئىسپاتلار**

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (مىلادى 4-ئەسىرگىچە، يەنى مەسىھ ئېتىقاتى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە)، مەسىھ جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان يازمىلاردا ئىنجىلدىن كۆپلەپ نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، جەمئى 36 مىڭ 289 قېتىم (بۇلار پەقەت 11 ئايەتتىن باشقا ئىنجىلدىكى بارلىق ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى مۇھەممەت دەۋرىگىچە (مىلادى4-ئەسىردىن 7-ئەسىرگىچە) نەقىل ئېلىنغان قېتىم سانى 50 مىڭ قېتىمدىن ئاشىدۇ.

○ ئىگناتىئۇس (مىلادى 1-ئەسىردە ياشىغان) ، مەسىھ ئەلچىسى يۇھاننانىڭ شاگىرتى، كېيىن ئەنتاكىيا جامائىتىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا ئەرشنىڭ پادىشالىقىدا كىم ئەڭ ئۇلۇغ دېگەن تەلىمنى بەرگەن چاغدا، قوچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بالا دەل مۇشۇ ئادەممىش. ئۇنىڭ ئەسەر ۋە خەت-چەكلىرىدە ئىنجىلدىكى مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى، رىملىقلارغا يېزىلغان خەت، كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت، ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت، فىلىپىلىقلارغا يېزىلغان خەت، گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت، كولۇسلىقلارغا يېزىلغان خەت، ياقۇپ يازغان خەت، سالونىكالىقلارغا يېزىلغان 1- ۋە 2-خەت، تىموتىغا يېزىلغان 1- ۋە 2-خەت، پېتروس يازغان بىرىنچى خەت قاتارلىقلار نەقىل ئېلىنغان.

○ پولىكارپۇس (مىلادى 69-155 يىللىرى ياشىغان)، مەسىھ ئەلچىسى يۇھاننانىڭ شاگىرتى، كېيىن سىمىرنا (ھازىرقى تۈركىيەدىكى ئىزمىر) جامائىتىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. ئۇنىڭ خەت-چەكلىرىدە 40 قېتىمدەك ئىنجىل ئايەتلىرىدىن نەقىل ئېلىنغان.

○ پاپىئاس (مىلادى 70-155 يىللىرى ياشىغان)، مەسىھ ئەلچىسى يۇھاننانىڭ شاگىرتى، كېيىن پامۇككالدىكى جامائەتچىلىكنىڭ (ھازىرقى تۈركىيەدە) يېتەكچىسى بولغان. ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتى مەتتانىڭ «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نى يازغانلىقىنى، بۇ كىتاپنىڭ گىرىك جامائەتچىلىكى ئىچىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى؛ ئەلچى پېتروسنىڭ شاگىرتى ماركوسنىڭ ئۇستازىنىڭ بايانىغا ئاساسەن «ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نى يېزىپ چىققانلىقىنى، بۇ كىتاپنىڭمۇ جامەئەتچىلىك ئىچىدە ئىشلىتىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

○ يۇستىن (مىلادى 89-165 يىللىرى ياشىغان)، ئۇ مىلادى 133-يىللىرى يازغان خەت-چەكلىرىدە جەمئى 330 قېتىم ئىنجىلدىن نەقىل ئالغان بولۇپ،

ئىنجىلدىكى بارلىق ئايەتلەرنى دىگۈدەك نەقىل ئالغان. ئۇ ھاياتىدا مەسىھ ئېتىقاتىنى قوغدايدىغان كىتاپتىن بىر قانچىنى يازغان. ئاخىرى ئېتىقات ئۈچۈن شېھىت بولغان.

○ ئەرەنىئۇس (مىلادى 130ـ202 يىللىرى ياشىغان)، مەسىھ ئەلچىسى يۇھاناننىڭ شاگىرتى پولىكارپۇسنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كىيىن لىئون جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. ئۇنىڭ خەت ـ چەكلىرىدە ئىنجىلدىن 1819 قېتىم نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى، كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت، پېتروس يازغان بىرىنچى خەت، ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت، تىتوسقا يېزىلغان خەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

○ كلېمېنس (مىلادى 150ـ212 يىللىرى ياشىغان) ، ئالىكساندىرىيە جامەئەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دىكى 27 پارە كىتاپتىن 24 پارىنى 2406 قېتىم نەقىل ئالغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىنجىلدىكى تۆت پارە خۇش خەۋەرگە ھەممە جامائەتچىلىكنىڭ ئىشىنىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

○ تېرتۇلىئانۇس (مىلادى 160ـ220 يىللىرى ياشىغان)، مەشھور پەيلاسوپ، ئىلاھىيەتشۇناس. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا 7258 قېتىم ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 3800 قېتىمى ئىنجىلدىكى تۆت خۇش خەۋەر كىتاپتىن نەقىل ئېلىنغان. پېتروس يازغان ئىككىنچى خەت، ياقۇپ يازغان خەت، يۇھاننا يازغان 2ـ ۋە 3ـ خەتلەردىن باشقا، ئىنجىلدىكى بارلىق خەت ـ چەكلەردىن نەقىل ئالغان. ئۇ جامائەت باشلانغاندىن تارتىپلا ئىنجىلدىكى تۆت خۇش خەۋەر كىتابىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن.

○ ئورىگىن (مىلادى 182ـ251 يىللىرى ياشىغان)، ئالىكساندىرىيە جامائىتىنىڭ يېتەكچىسى بولغان، داڭلىق ئىلاھىيەتشۇناس. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا 17 مىڭ 922 قېتىم ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان. ئۇ يازمىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «جاھاندىكى خۇدانىڭ پۈتۈن جامائىتى قىلچە قورقماي ۋە تالاشماي تۆت خۇش خەۋەر كىتاپقا ئىشىنىدۇ.»

○ خىپولىتۇس (مىلادى 3ـ ئەسىرلەردە ياشىغان)، ئۇنىڭ يازمىلىرىدا ئىنجىلدىن 1378 قېتىم نەقىل ئېلىنغان.

○ يۇسېبىئۇس (260ـ339 يىللىرى ياشىغان)، مەشھۇر تارىخشۇناس، ئۇنىڭ يازمىلىرىدا ئىنجىلدىن 5176 قېتىم نەقىل ئېلىنغان.

• قەدىمقى كىتاپلارنىڭ ئىچىدە، ئىنجىلدىن قالسا، ساقلىنىپ قالغان قولىيازما نۇسخىسى ئەڭ كۆپ بولغان كىتاپ قەدىمقى گىرىك شائىرى ھومىرنىڭ «ئىلىيادا» داستانى بولۇپ، 643 پارچە قولىيازما نۇسخىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمقى نۇسخىسى ئەسلى كىتاپ يېزىلىپ 500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كۆچۈرۈپ يېزىلغان نۇسخىسىدۇر. دېمەك، كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ كۆپلىكى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقىتنىڭ ئەسلى نۇسخا بىلەن يېقىنلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قەدىمقى كىتاپنى ئىنجىل بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

## مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ دەلىللىرى

• پانائىئۇس، ئالېكساندىرىيەلىك كلېمېنس، تېرتۇلىئانۇس ئىنجىلنى چۈشەندۈرىدىغان شەرھى كىتاپلارنى يازغان.

• رىم جامائىتىنىڭ يېتەكچىسى كلېمېنس (مىلادى 30ـ100 يىللىرى)، ئۇ ئەلچى پاۋلۇس بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان (فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت 4:3 )، ئۇنىڭ مىلادى 96ـ يىلى كورىنتتىكى جامائەتچىلىككە يازغان خېتىدە ئىنجىلدىكى مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، رىملىقلارغا يېزىلغان خەت، كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت ۋە ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەتنى نەقىل ئالغان.

• بارنابا خەت چەكلىرىدە (مىلادى 120ـ يىللىرى يېزىلغان)، مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنى نەقىل ئالغان.

• ھېرمىسنىڭ قويچىسى (The Shephard of Hermas) دا، مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ۋە يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر نەقىل ئېلىنغان.

• شۇ دەۋرلەردىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يازغان نۇرغۇن شېئىرـناخشىلارمۇ ئىنجىلنى دەلىللەيدۇ.

## تارىخى خاتىرلەردىكى دەلىللەر

• رىملىق تارىخشۇناس سېتونىئۇس (مىلادى 69ـ130 يىللىرى) يازغان «12 ئىمپىراتور تەزكىرىسى» دىكى خاتىرە بىلەن ئىنجىل ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 18ـباب 2ـئايەتتە خاتىرلەنگەن كىلادىئوسنىڭ رىمدىكى يەھۇدىيلارنى قوغلىغانلىقىدەك ۋەقەلىك ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ.

• ملادى 2 ـ ئەسىردە يېزىلغان يۇلىئۇس ئافرىكانۇسنىڭ كىتابىدا رىم تارىخشۇناسى تالليۇسنىڭ ملاى 52 ـ يىلى يېزىپ قالدۇرغان بىر ۋەقەلىك نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەيسا مەسىھ كىرستتقا مىقلانغان كۈنى ئاسمان ـ زىمىننى قاراڭغۇلۇق باسقانلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ ئىنجىلدىكى ئالاقىدار خاتىرىگە ماس كېلىدۇ.

• يەھۇدى تارىخشۇناسى يۇسۇپ (ملادى 37 ـ 100 يىللىرى ياشىغان)، ئۇ «يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمقى تارىخى» ۋە «يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇش تارىخى» دىگەن كىتاپلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ كىتابلىرىدا ئىنجىلغا ماس كېلىدىغان تۆۋەندىكى مەزمۇنلەر خاتىرلەنگەن.

o ئەيسا مەسىھنىڭ مۆجىزىلىرى، تەلىملىرى، كىرستتقا مىقلىنىشى، تىرىلىشى ۋە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى. («قەدىمقى يەھۇدى تارىخى» 18 ـ پارە 111 ـ باب 3 ـ پاراگىراف)

o چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ تەلىم بېرىشى، چۆمۈلدۈرۈشى ۋە شېھىت بولىشى.

o پىلاتوس، هاننان، قاياپا، ھىرود، فېلىكس، پوركىيۇس فېستۇس قاتارلىقلارغا دائىر ئىشلار.

o ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىنىسى ياقۇپ.

o مەسىھ ئەلچىسى ياقۇپنىڭ شېھىت بولىشى.

• رىم ئىمپىراتورى ترايانۇسنىڭ تارىخچىسى پىلىنىئۇس (ملادى 61 ـ 113 يىللىرى ياشىغان) دەسلەپكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقاتى توغرىسىدىكى خاتىرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

• ملادى 150 ـ يىللىرى، كلېمېنت ئىنجىل ۋە ئەلچىلەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا بارلىقىنى ئېيتقان.

• رىم ئىمپىراتورى ترويانۇس (53 ـ 117) ۋە خادىريانۇس (76 ـ 138) قاتارلىقلارنىڭ تارىخى خاتىرلىرى.

**باشقا دەلىللەر**

• ئارخىلوگىيە ئىلمى مۇھەممەت دەۋرىدىكى ئىنجىل بىلەن بۈگۈنكى بىز ئوقۇۋاتقان ئىنجىلنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

• يوقۇردا كۆرستىلگەن بارلىق ماتىرىياللار جەمىيەتكە ئاشكارا بولۇپ، ئۇلارنى خالىغانچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.
(ئەمما مۇسۇلمانلار تا هازىرغا قەدەر قۇرئاننىڭ بارى يوق بىرنەچچە پارچە قەدىمقى كۆچۈرۈلمە نوسخىسىنى باشقىلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا يول قويمايۋاتىدۇ)

• دەسلەپكى ئېتىقاتچىلار نۇرغۇن بېسىم ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولۇپ، ئېتىقات ئۆچۈن ھەرۋاقىت شېھىت بولىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئىنجىلغا ئىشەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان بۇلاتتى.

• مۇقەددەس كىتاپقا قاتتىق ئەمەل قىلىپ كىلىۋاتقان، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار تۇرغان ئىخلاسمەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ئىنجىلغا بىر نەرسە قوشىشى ياكى ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس كىتاپتا بۇنداق قىلمىشقا قارىتا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 4:2 ، 12:32 ؛ پەند-نەسىھەتلەر 30:6 ؛ ئىنجىل-ۋەھىلەر 19،18:22 )

• كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرى) نى يەھۇدىلار بىلەن مەسىھلەر ئورتاق ئىشلىتىدۇ، ئۇلاردا ھېچقانداق پەرق ۋە ئىختىلاپ يوق. تارىختا يەھۇدىلار بىلەن مەسىھلەرنىڭ بىرلىشىپ پۈتكۈل كونا ئەھدە (تەۋرات،زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرى) نى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

## تارىختا شۇنچىۋالا كۆپ ئادەملەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان ئىنجىل قولىيازما نوسخىلىرىدا ھېچقانداق پەرق ۋە خاتالىق بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

• ئىنجىلنىڭ تارىخى قۇرئاندىن كۆپ ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەدىمقى قولىيازما نوسخىلىرى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. ئىنجىلنىڭ كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىشىدا «تەرجىمە قىلغۇچىلار ۋە كۆچۈرۈپ يازغۇچىلار قىلچە خاتالىق سادىر قىلمىغان» دەپ خۇراپىلارچە پەرەز قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈنكى ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ قەدىمقى ئىنجىل قولىيازما نوسخىلىرىنىڭ ۋاقتى ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ياشىغان دەۋرلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئونمىڭلىغان قولىيازما نوسخىلار، خەت-چەكلەر، شېئىرلار، تارىخى خاتىرىلەر ۋە ھەرخىل تىللاردىكى تەرجىمە نوسخىلىرى بار بولۇپ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا بىر-بىرسىگە دەلىل بۇلالايدۇ. (ئەڭ دەسلەپ ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ سانىلا 500 دىن ئاشاتتى). بۇ ماتىرىياللارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ تەتقىق قىلىشىغان ئاشكارا ئېچىۋېتىلگەن. بۇ نەچچە ئونمىڭلىغان تارىخى ماتىرىياللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق %98 تىن يوقىرى بولۇپ، قالغانلىرى پەقەت كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىنتايىن كىچىك پەرقلەردۇر، بۇلار مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىسى ۋە تەلىملىرىگە ھەرگىز تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. تارىخى ماتىرىياللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا دەلىللەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئىنجىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى

هالىتىنى ئىلمى جەھەتتىن تامامەن بىكىتكىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختا قۇرئاننى كۆچۈرۈپ يېزىش جەريانىدا ھېچكىم، ھېچقاچان، ھەتتا قۇرئاننىڭ بىر تال ھەرپىنى ياكى بىر تال چېكىتىنىمۇ خاتا يېزىپ قويمىغان دېگەن قارىشىغا بىرلا چوقۇنىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسىھلەرنىڭ ئىنجىلغا بولغان ئىلمى پوزىتسىيىسى تېخىمۇ ئىلغاردۇر.

(ئەمىلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قورئانغا بولغان يوقۇرقىدەك خۇراپى قارىشى ۋە تەشۋىقاتىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكى بارغانسىرى ئاشكارلىنىۋاتىدۇ)

• مەسىھلەر ئەزەلدىن ئىنجىلنى خۇدا ئاسماندىن ئەيسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈپ بەرگەن بىر كىتاپ دەپباقمىغان (بۇ مۇھەممەتنىڭ ياكى قۇرئاننىڭ ئىنجىلغا بولغان خاتا قارىشىدۇر). پاك ۋە مۇقەددەس بولغان ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئارقىلىق تەۋراتتىكى قەدىمقى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ غايىپتىن تۆرىلىشى، ياراتقان مۆجىزىلىرى، كىرىستتا قۇربان بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن چوڭ مۆجىزىلەر بولۇپ، بۇلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى شاگىرتلار ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئېتىقاتچىلار ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن. ئىنجىل بولسا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرىشى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلىكلەر خاتىرلەنگەن كىتاپتۇر. ئىنجىلنىڭ كىتاپ بولۇپ تۈزىلىشىدە ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى مەۋجۇد بولۇپ، خۇدا ئىنجىلنى مەڭگۈ قوغدايدۇ. ئاسمان-زېمىن يوقىلىدۇ، ئەمما خۇدانىڭ سۆزى مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

## بەزى مۇسۇلمانلار نىسىيە يېغىنىدا[2] ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دەپ قارايدۇ، راست شۇنداقمۇ؟

بۇ تامامەن مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى:

• بۇنىڭغا ھېچقانداق تارىخى دەلىل-ئىسپات يوق.

• ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ئىنجىل كىتاپلارنى قانداق قىلىپ پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتەلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا (مىلادى 4-ئەسىردە) مەسىھ ئېتىقاتى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە تارقىلىپ بولغان بولۇپ،

[2] نىسىيە يىغىنى (Councils of Nicaea). مىلادى 325-يىلى رىم ئىمپىراتورى كونستانتىنىنىڭ باشچىلىقىدا نىسىيا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ چوڭ يىغىلىشى بولۇپ، مەسىھىيەت تارىخىدىكى مۇھىم يىغىنلارنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ.

غەربى-شىمالدا تاكى ئەنگلىيەگىچە، شەرقى شىمالدا ئەرمەنىيەگىچە، شەرقتە ھىندىستانغىچە، غەربى-جەنۇپتا ئافرىقىدىكى مىسىر ۋە ئېفىئوپىيەگىچە بولغان بىپايان زېمىندا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بار ئىدى. ئىنجىلنىڭ گىرېك تىلىدىكى نوسخىسىدىن باشقا يەنە ئاسىيادىكى سۇرىيە تىلى، ئافرىقىدىكى كوپتى تىلى(قەدىمقى مىسىرنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ تىلى)، ئېفىئوپىيە تىلى، ياۋروپادىكى لاتىن تىلى، گوت تىلى (قەدىمقى گېرمانلارنىڭ تىلى) قاتارلىق نۇرغۇن تەرجىمە نوسخىلىرى مەيدانغا كېلىپ بولغان ئىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى مەسىھ جامائىتى ئۆزئارا مۇستەقىل بولۇپ، بىر بىرسىنىڭ تەۋەلىكىدە ئەمەس ئىدى.
4-ئەسىرلەردە رىم ئىمپىرىيىسى بىرلىككە كېلىپ، مەسىھ ئېتىقادىنى دۆلەت دىنى قىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا كۆپ قىسىم مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى رىم ئىمپىرىيىسى تەۋەلىكىنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ئىدى.

• ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن قەدىمقى ئىنجىل قوليازما نوسخىلىرىنىڭ ۋاقتى نىسىيا يىغىنىدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇلار بىلەن ھازىرقى ئىنجىلنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش.

• دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئارىسىدا شەكىللىنىپ بولغان، ئۇلارغا ئورتاق بولغان دىنى ئەقىدە ۋە مۇراسىملارنى «نىسىيا يىغىنى» قانداق قىلىپ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتەلەيدۇ. مەسىلەن: ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن يېيىلىدىغان «مۇقەددەس غىزا» مۇراسىمى، ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان يەكشەنبىلىك ئىبادەت، ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق گۇناھنى يۇيۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش» مۇراسىمى، يەنە كىرىستقا بولغان قاراش ۋە ئەقىدىلەر. ئەگەر بۇ ئەقىدە ۋە مۇراسىملار ئۆگەرتىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئەسلىدىكى ئاتالمىش ئىنجىلدا قانداق ئەقىدە ۋە مۇراسىملار بار ئىدى. يوقاپ كەتكەن ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئاشۇ ئەقىدە ۋە مۇراسىملار نىمە ئۈچۈن تارىختا قىلچە ئىز قالدۇرماي، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ ؟

• نىسىيا يىغىنىدىن بۇرۇنقى (يەنى 4-ئەسىردىن بۇرۇنقى) دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان، ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان، نەچچە ئونمىڭلىغان تارىخى ۋەسىقىلەر (خەت-چەكلەر) ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى ئىنجىلنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئەگەر شۇ زامانلاردا ھەقىقەتەن باشقا بىر ئىنجىل بولغان بولسا، نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆپ تارىخى يادىكارلىقلاردا ئۇنىڭ قىلچە ئىزى قالمايدۇ؟ ئەجبا نىسىيا يىغىنىدىن كېيىن رىم ئىمپىرىيىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئاشۇ «ھەقىقى ئىنجىل» دىن نەقىل ئېلىنغان تارىخى ۋەسىقىلەر(خەت-چەكلەر) نىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىۋەتكەنمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ

ئورنىغا نۇرغۇن ئادەملەرنى ئىشلىتىپ ھازىرقى ساختىا تارىخى ۋەسىقىلەرنى ئويدۇرۇپ چىققانمىدۇ؟ مۇشۇنداق چوڭ بىر تارىخى ۋەقەلىك ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن بولسا، نىمە ئۈچۈن تارىختا قىلچىلىك ئىز قالدۇرمايدۇ؟ يىغىپ ئېيتقاندا بۇلار مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئەلۋەتتە.

● مۇسۇلمانلارنىڭ «نىسىيا يىغىنىدا ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەن ھىكايىسى، ئەمىلىيەتتە مىلادى 11-ئەسىرلەردىن كىيىن ئاندىن توقۇپ چىقىلغان.

● بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى كىتاپلىرىدا بولمىغان، ئىسلامىيەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بولغان، ئاتالمىش ماتىرىياللارنى قىزىپ، توقۇپ ۋە ئىجاد قىلىپ چىقىشى، ئەمىلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى يېپىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى قۇرئاندا كۆپ قېتىم ئىنجىلنى خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس كىتاپ دەپ كۆرسىتىدۇ، ئەمما قۇرئانىنىڭ ئۆزىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار ئىنجىل بىلەن زىت كىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئاننى قوغداش ئۈچۈن خۇدانىڭ قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلىرى بولغان ئىنجىل ۋە تەۋراتقا تۆھمەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. (تارىخى پاكىت ۋە دەلىل-ئىسپاتلاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇلار بۇ ئىشتا ھەرگىزمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ)

● گەرچە كەڭ مەنىدىكى خىرىستىيان دىنىدا ھەرخىل مەزھەپلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، مەسىلەن ئىتالىيە،ئىسپانىيە، فىرانسىيە، بىرازىلىيە، ئارگىنتىنا،فىلىپىن قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كاتولىك مەزھىپى؛ روسىيە، گىرىتسىيە، رومانىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پراۋىسلاۋىيە مەزھىپى؛ ئەنگلىيە، ئامرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، شۋىتسارىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پىروتاستىنىت مەزھىپى؛ شۇنداقلا يوقۇرقى ئۈچ چوڭ مەزھەپتىن سىرىت يەنە قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان ئەرمەنىيە جامائىتى، سۈرىيە ،ئىراق ۋە ھىندىستاندىكى ئاسسۇرىيە جامائىتى، مىسىردىكى كوپىت جامائىتى، ئافرىقىدىكى ئىفىئوپىيە جامائىتى قاتارلىقلاربولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان ئىنجىل ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئورتاق دىنى ئەقىدىلەر مەۋجۇد :

○ ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى ئەقىدە

♦ ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانغا ئايلىنىشىدۇر.

♦ ئەيسا مەسىھ ماھىيەت جەھەتتە ئىلاھتۇر.

♦ ئەيسا مەسىھ پاك قىزدىن تۇغۇلغان (خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن دادىسىز تۇغۇلغان)

♦ ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن (قۇربان بولغان)

- ♦ ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن.
- ♦ ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەن.
- ♦ قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھ قايتا كېلىپ تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرنى سوراق قىلىدۇ.
  - ○ «ئۈچ بىرلىك» ئەقىدىسى
  - ○ مۇقەددەس روھ ئىلاھتۇر
  - ○ ئىشەنچ ئارقىلىق ھەققانى دەپ ئاتىلىش
  - ○ ئىنساننىڭ قۇتقۇزىلىشى خۇدادىن كەلگەن شەپقەتتۇر.

## ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىل ۋە تەۋرات پەرقلىنەمدۇ؟

● ئالدى بىلەن ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋرات، ئىنجىل ۋە مۇقەددەس كىتاپقا بولغان چۈشەنچىسى توغرا ئەمەس. «مۇقەددەس كىتاپ» قەدىمقى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ئومومى توپلىمىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن كىتاپ بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن كونا ئەھدە ۋە يېڭى ئەھدە دەپ ئىككى قىسمغا ئايرىلىدۇ. ئەيسا مەسىھتىن بۇرۇن يېزىلغانلىرى كونا ئەھدىگە تەۋە، ئەيسا مەسىھتىن كېيىن يېزىلغانلىرى يېڭى ئەھدىگە تەۋە يازمىلار ھىساپلىنىدۇ. كونا ئەھدە تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى ئەھدە بولسا تۆت پارچە خۇشخەۋەرنامە بىلەن مەسىھ ئەلچىلىرىنىڭ مەكتۇپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارنىڭ قولىدىكى «كونا ئەھدە» نى تەۋرات دەپ ئاتايدۇ، مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى «يېڭى ئەھدە» نى بولسا ئىنجىل دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس. مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى «يېڭى ئەھدە» جەمئى 27 پارچە يازمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەيلى قايسى مەزھەپ بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئوخشاشتۇر، يەنى دۇنيادا پەقەت بىرلا خىل «يېڭى ئەھدە» (ئىنجىل) باردۇر؛ يەھۇدىلارنىڭ قولىدىكى «كونا ئەھدە» بولسا تەۋرات، زەبۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئى 39 پارچە مۇقەددەس يازمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يەھۇدىلار ئۇنى «تاناخ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىكى «تاناخ» (كونا ئەھدە) نى پۈتۈن مەسىھلەر جامائىتى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پروتاستىنت مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كونا ئەھدە كىتابىمۇ 39 پارچە مۇقەددەس يازمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يەھۇدىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. كاتولىك مەزھىپى ۋە پراۋسلاۋىيە مەزھىپىدىكىلەرمۇ بۇ 39 پارچە مۇقەددەس يازمىدىن تۈزۈلگەن كونا ئەھدىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار يەنە بىر قىسىم قەدىمقى يازمىلارنىمۇ مۇقەددەس يازمىغا تەۋە دەپ كونا ئەھدىگە قوشۇۋالىدۇ (كاتولىك مەزھىپى 7 پارچە، پراۋسلاۋىيە مەزھىپى 11 پارچە يازمىنى

قوشۇۋالغان). بىراق ئۇلاردىكى بۇ پەرقنىڭ مۇسۇلمانلار دەۋاتقان ئاتالمىش «تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ھازىر دۇنيادا ھەرخىل تەۋرات ۋە ئىنجىل بار» دىگەن بوھتانى بىلەن ھىچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. يىغىپ ئېيتقاندا، كونا ئەھدە ئىچىدىكى تەۋراتنىڭ دۇنيادا پەقەت بىرلا خىلى بار، يېڭى ئەھدە ھىساپلانغان ئىنجىلدىنمۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا خىلى بار. پۈتۈن دۇنيادىكى تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئوخشاش.

● ئىنجىل ياكى مۇقەددەس كىتاپنىڭ دۇنيادا ھەرخىل تەرجىمە نوسخىلىرى بار، بۇ خۇددى قۇرئاننىڭمۇ ھەرخىل تەرجىمە نوسخىلىرى بولغاندەكلا بىر ئىش. بەزىلەرنىڭ بۇ ئارقىلىق دۇنيادا ھەرخىل ئىنجىل بار، شۇڭا ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دەپ پىتنە-پاسات تارقىتىشى ئۇلارنىڭ بىلمىسىزلىكىدىن ياكى يامان نىيىتىدىن كېلىپ چىققان خالاس.

**«بارنابا ئىنجىلى»**

● مۇسۇلمانلار ئىنجىلدىن پەقەت بىرسىلا بار، يەنى ئاللا ئەيسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلغان بىر كىتاپ دەپ قارايدۇ.

● ئاتالمىش «بارنابا ئىنجىلى» دىگەن كىتاپ مىلادى 1709-يىلى ئالدى بىلەن گوللاندىيەنىڭ ئامىستىردام دىگەن شەھرىدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ كىتاپ ئىتالىيە يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ھازىر ئاۋستىرىيەنىڭ ۋېنا شەھرىدىكى خانلىق مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

● بەزى مۇسۇلمانلار تارىختا يۈتۈپ كەتكەن ھەقىقى ئىنجىل تېپىلدى، يەنى «بارنابا ئىنجىلى» شۇ دەيدۇ. ئۇلار ھازىرقى مەسىھلەر ئىشلىتىۋاتقان ئىنجىلنى ساختا دەيدۇ.

● بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىيىشچە، مىلادى 16-ئەسىردە فان مارىئان ئىسىملىك بىر ئېپىسكوپ ۋېنا كۈتۈپخانىسىدا پاپا Sixtus V (1521-1590) نى زىيارەت قىلىدۇ، ئېپىسكوپ پاپىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كۈتۈپخانىدىكى كىتاپلارنى كۆرىدۇ، ئۇ توساتتىن بىر كىتاپنى تېپىۋالىدۇ، بۇ كىتاپ دەل «بارنابا ئىنجىلى» ئىدى. ئۇ بۇ كىتاپنى ئوغۇرلاپ ئەكىتىدۇ ۋە ئۇنى ئوقۇپ كېيىن مۇسۇلمان بولىدۇ.

● بارنابا ئىنجىلىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى قۇرئانغا ئوخشاپ قالىدۇ (ئەمما يەنىلا پەرق بار)، بىراق تارىختىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان ئىنجىل بىلەن زىت كېلىدۇ. مەسىلەن:

○ ئەيسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئوغلى ئەمەس. (بارنابا ئىنجىلى 53، 70، 72، 96، 128، 198، 222 )

o ئەيسا پەيغەمبەر كىرستقا مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلمىگەن. خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ چىرايىنى ساتقۇن يەھۇدانىڭ چىرايىغا، يەھۇدانىڭ چىرايىنى ئەيسا پەيغەمبەرگە ئۆزگەرتىۋەتكەن. شۇڭا كىشىلەر خاتا ھالدا يەھۇدانى تۇتۇپ ئۇنى كىرستقا مىقلاپ ئۆلتۈرگەن. ئەيسا پەيغەمبەرنى بولسا تۆت پەرىشتە كۆتىرىپ ئۈچىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. (بارنابا ئىنجىلى 112، 219، 220، 222 )

o ئەيسا پەيغەمبەر ئالدىن بىشارەت بېرىپ، كەلگۈسىدە مۇھەممەت پەيغەمبەر كىلىدۇ، ئۇ قۇتقۇزغۇچىدۇر دەيدۇ. (بارنابا ئىنجىلى 72، 96 )

o پەرىشتە جەبرائىل ئەيسا پەيغەمبەرگە ئىنجىل كىتاپىنى بېرىدۇ. (بارنابا ئىنجىلى 10 )

ئەملىيەتتە بۇ كىتاپ پۈتۈنلەي توقۇپ چىقىرىلغان ساختا كىتاپ بولۇپ، سەۋەبى:

● مىلادى 17 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھىچكىم بۇنداق بىر كىتاپنى كۆرۈپ باقمىغان، قەدىمقى يازمىلاردىمۇ بۇ كىتاپتىن نەقىل ئېلىنىپ باقمىغان.

● ئۇنىڭ مەزمۇنى تارىختىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادا ئورتاق ئىشلىتىلىپ كىلىۋاتقان ئىنجىل بىلەن زىت. مەسىلەن :

| بارنابا ئىنجىلىدىكى خاتىرىلەر | «ئىنجىل» دىكى خاتىرىلەر |
|---|---|
| ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بارنابا، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ 12 شاگىرتىنىڭ بىرى دەپ ئاتىۋالغان. | بارنابا ئەيسا مەسىھنىڭ 12 شاگىرتىنىڭ بىرى ئەمەس (مەتتا 4 ـ 10:1 ، ماركوس 19 ـ 3:16 ، لۇقا 16 ـ 6:14 )؛ ئۇ ئورما ھېيتىدىن كيىن ئاندىن ئەيسا مەسىھكە ئىتىقات قىلغان. |
| ئەيسا پەيغەمبەر ئاسمانغا كۆتىرىلىشتىن 3 يىل بۇرۇن ئۇنى بارنابا دەپ ئاتىغان. (بارنابا 19) | ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كيىن، ئاندىن ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ئۇنى بارنابا دەپ ئاتىغان، مەنىسى رىغبەتلەندۈرگۈچى. (ئەلچىلەر 4:36) |

| | |
|---|---|
| بارنابا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرى بولغان پېتروس، يۇھاننا ۋە ياقۇپلار بىلەن بىللە تاغ ئۈستىدە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نۇر ئىچىدە ئۆزگەرگەن ھالىتىنى كۆرگەن. (بارنابا 42 ) | پەقەت پېتروس، يۇھاننا ۋە ياقۇپلارلا تاغ ئۈستىدە ئەيسا مەسىھنىڭ نۇر ئىچىدە ئۆزگەرگەن ھالىتىنى كۆرگەن. (مەتتا 17:1ـ8، ماركوس 9:1ـ8، لۇقا 9:28ـ36 ) |
| ئەيسا پەيغەمبەر بارناباغا ئۆزىنىڭ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بارنابا 112) | ئەيسا مەسىھ كۆپ قېتىم شاگىرتلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقان، ئاخىرىدا ئۇ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئۇنىڭ بارلىق شاگىرتلىرى گۇۋاھلىق بەرگەن. (ئىنجىل) |
| بارنابا پاۋلۇسقا ھوجۇم قىلىدۇ. | بارنابا پاۋلۇسنىڭ ھەققەتەن ئەيسا مەسىھ تاللىغان ئەلچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ (ئەلچىلەر 9:27)؛ پاۋلۇس ئەيسا مەسىھنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە شۇنداق تارقىتىدۇ (ئەلچىلەر 9:20) ؛ بارنابا پاۋلۇس بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا تەنبىھ بېرىدۇ (ئەلچىلەر 11:25،26)؛ بارنابا بىلەن پاۋلۇس ئەيسا مەسىھنى قۇبۇل قىلغان يات مىللەت ئېتىقاتچىلىرىنىڭ خەتنە قىلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ (ئەلچىلەر 15:1،2)؛ بارنابا خىلى ئۇزۇن مەزگىل پاۋلۇس بىلەن بىرلىكتە خۇش خەۋەر تارقىتىپ ئاندىن ئايرىلىپ كېتىدۇ (ئەلچىلەر 15:39)؛ 9 يىلدىن كېيىن پاۋلۇس ئۆزىنىڭ خېتىدە بارنابانى ياخشى تەرەپتىن تىلغا ئالىدۇ (كورىنتلىقلارI 9:6)؛ پاۋلۇس بارنابانىڭ جىيەن ئوغلى ماركوس بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ (كولۇسىلىقلار 4:10 ، تىموتىII 4:11). |

| | |
|---|---|
| ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغاندا ئۈچ مۇنەججىم شەرقتىن كىلىپ بەيئەت قىلىدۇ.(بارنابا 6) | ئىنجىلدا مۇنەججىملەرنىڭ سانى 3 دەپ ئېنىق ئېيتىلمىغان (مەتتا 2:1). 3 مۇنەججىم دىگەن پەرەز ئەملىيەتتە كىيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان. |
| ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىيلارنىڭ چوڭ كاھىنى ئەيسا پەيغەمبەرگە تىزلىنىپ بەيئەت قىلماقچى بولغاندا، ئەيسا ئۇنى توسۇپ، بۇنداق قىلىش خۇدانى رەنجىتىدۇ دەيدۇ. (بارنابا 93) | بۇ بايانلار ئىنجىلدىكى مەزمۇنلارغا زىت كىلىدۇ. |
| ئەيسا پەيغەمبەر ھەر كۈنى 5 ۋاق ناماز ئۆتەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ 5 ۋاق ناماز ئۆتەش ۋاقتىنى تىلغا ئالىدۇ. | پۈتۈن ئىنجىلدىكى بارلىق يازمىلاردا بۇنداق خاتىرە يوق. |
| ئىبراھىم ئەلەيكىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسى ئىسمايىل. (بارنابا 44 ) | بۇ مەزمۇن ئىنجىلغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن تەۋراتقىمۇ زىت. ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسى ئىسھاق. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:2-9 ) |
| ئىسمايىل مەسىھنىڭ ئەجدادى، ئىسھاق بولسا مەسىھ ئەلچىسىنىڭ ئەجدادىدۇر. (بارنابا 191) | ئىسھاق قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئەجدادى. (مەتتا 1:2،16 ، لۇقا 3:23،34 ) |
| ئىسمايىللار تەۋرات قانۇنىنى يازغان (بارنابا 192) | بۇ بايان پۈتكۈل مۇقەددەس كىتاپتىكى قەدىمقى يازمىلار بىلەن زىت. |

ئاتالمىش «بارنابا ئىنجىلى» نى ئەينى ۋاقىتتىكى بارنابانىڭ يازغان بولىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ كىتاپ كەم دىگەندىمۇ مىلادىيە 14-ئەسىرلەردىن كىيىن ئاندىن توقۇپ يېزىلغان ساختا كىتاپتۇر. سەۋەبى تۆۋەندىكىچە :

| بارنابا ئىنجىلىدىكى خاتالىقلار | پاكىتلار |
|---|---|
| ● كىتاپنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەيسانى خىرىستوس دەپ ئاتايدۇ. ئەمما كىتاپنىڭ ئىچىدە ئەيسا ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. (بارنابا 42، 82)<br>● مۇھەممەتنى مەسىھ دەيدۇ. (بارنابا 97) | ● خىرىستوس بىلەن مەسىھ ئەملىيەتتە ئوخشاش مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئىبرانى تىلىدىكى مەسىھ دىگەن سۆز گىرىك تىلىدا خىرىستوس دىيىلىدۇ. بارنابا سىپروسلۇق بولۇپ (ئەلچىلەر 4:36)، ئۇنىڭ ئانا تىلى گىرىك تىلى ئىدى، شۇڭا ئۇ تىلدىكى بۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.<br>● ئىنجىلدا ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى مەسىھ دەيدۇ. ھەتتا قۇرئاندىمۇ پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا مەسىھ دەپ ئاتايدۇ. (قۇرئان 3:45 ، 4:157،171،172 ، 5:17،72،75 ، 9:30،31 )<br>● قۇرئاندا مۇھەممەتنى مەسىھ دەپ باقمىغان. |
| بارنابا ئىنجىلىدا ئىشلىتىلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىلغا دائىر مەزمۇنلار مۇقەددەس كىتاپنىڭ ۋۇلگاتا تەرجىمە نوسخىسىدىن ئېلىنغان. | «ۋۇلگاتا تەرجىمە نوسخىسى» مىلادى 380-يىللاردىن كىيىن گىرىك تىلىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نوسخا بولۇپ، 8-ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن رىم كاتولىك مەزھىپى تەرىپىدىن كەڭ ئىشلىتىلگەن. |
| ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغاندا پىلاتوس باش ۋالى ئىدى. | ● ئەيسا مەسىھ مىلادىدىن بۇرۇن تۇغۇلغان.<br>● پىلاتوس مىلادى 26-يىلى باش ۋالى بولغان. |
| مەريەمنى پاك قىز (virgin) دەپ ئاتىغان. | مىلادى 4-ئەسىردىن كىيىن ئاندىن مەسىھ جامائەتچىلىكى مەريەم ئانىنى «پاك قىز» (virgin) دەپ ئاتىغان. |
| ئەيسا پەيغەمبەر موريا تېغىدا نۇر ئىچىدە ئۆزگەرگەن. | ئىنجىلدا بۇنداق خاتىرە يوق.<br>مىلادى 3-ئەسىردىن كىيىن ئاندىن مەسىھ جامائەتچىلىكىدە مۇشۇنداق قاراش شەكىللەنگەن. |

| | |
|---|---|
| تۆت پەرىشتە باشلىقى | مۇقەددەس كىتاپتا بۇنداق گەپ يوق.<br>بۇ خىل قاراش ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن. |
| دىنار ۋە مىنت قاتارلىق پۇللارنى تىلغا ئالغان.<br>(بارنابا 54) | مىلادى 685-يىلى ئابدۇللا مالىك ئىسپانىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقتتا مۇشۇنداق پۇل بىرلىكى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئەيسا مەسىھنىڭ دەۋرىدە بۇنداق پۇل ئىشلىتىلمىگەن. |
| «قۇتلۇق يىل» ھەر 100 يىلدا بىر كېلىدۇ دېيىلگەن.<br>(بارنابا 82) | • تەۋرات لاۋىيلار 25:11 دە قۇتلۇق يىل ھەر 50 يىلدا بىر كېلىدۇ دېيىلگەن.<br>• ئىسرائىللار ۋە كېيىنكى كاتولىكلار ھەر 50 يىلدا بىر قېتىم قۇتلۇق يىلنى تەبرىكلەيدۇ.<br>• مىلادى 1300-يىلى رىم پاپىسى بونىفاس 8 (Boniface VIII) يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇندىن كېيىن قۇتلۇق يىلنى ھەر 100 يىلدا بىر قېتىم تەبرىكلەشكە ئۆزگەرتكەن. |
| كىتاپتا ئىتالىيە شائىرى دانتىنىڭ (1265-1321) «ئىلاھى كومېدىيە» سىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار بار. مەسىلەن:<br>• «ساختا ۋە يالغان سۆزلەيدىغان ئىلاھ» (بارنابا 78، 23)<br>• «دەھشەت ئېچىرقاش» (بارنابا 217)<br>• «دوزاق چەمبىرىكى» (بارنابا 135)<br>• «9 قەۋەت ئاسمان» (بارنابا 178)<br>بۇ ئۇقۇم دانتىنىڭ «ئاسمان» دىگەن ئەسىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. | قۇرئاندا ئاسمان 7 قەۋەت دېيىلگەن (قۇرئان 2:29 ، 17:44 ، 67:3 ) . دىمەك بارنابا ئىنجىلى بىلەن قۇرئانمۇ زىت كېلىدۇ. |
| كىتاپتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرۇپا جەمىيىتى تەسۋىرلەنگەن. | ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرۇپا بىلەن مىلادى 1-ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىجتىمائى مۇھىتى ئوخشىمايدۇ. |

| | |
|---|---|
| ئىئوردان دالاسىدا (بارنابا 143)<br>ياز پەسلى ناھايىتى گۈزەل، ھەر خىل مىۋىلەر پىشىدۇ.<br>(بارنابا 165) | ياز پەسلىدە ئىئوردانىيەدە قورغاقچىلىق بولىدۇ. |
| رىم ئەسكەرلىرى خۇددى شاراپ تۇڭىنى دۇملاتقاندەك ئىبادەتخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. (بارنابا 152) | ● ئەيسا مەسىھنىڭ دەۋرىدە رىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئىبادەتخانىغا كىرىشى مەنئى قىلىنغان.<br>● مىلادى 1-ئەسىرلەردىكى ئوتتورا شەرقتە شاراپ ياغاچ تۇڭلارغا ئەمەس تۇلۇمغا (تېرىدىن ياسالغان خالتىلارغا) قاچىلىناتتى. (مەتتا 9:17)<br>● شاراپنى ياغاچ تۇڭلارغا قاچىلايدىغان ئادەت ئوتتورا ئەسىرلەردە ياۋرۇپانىڭ غەربىدە ياشايدىغان گاۋلۇسلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. |
| كېمىچىلەر ناسرەگە يېتىپ كەلدى. (بارنابا 10،20)<br>ئۇلار ناسرەدىن تاغقا چىقىپ كەپەرناھۇمغا باردى. (بارنابا 21) | ناسرە كۆل ياكى دېڭىز بويىدا ئەمەس بەلكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بىر كەنت. ناسرەنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى كەپەرناھۇمدىن خېلىلا ئېگىز، كەپەرناھۇم بولسا كۆل بويىغا جايلاشقان بىر جاي. |
| ئەيسا پەيغەمبەر كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىرۇسالىمغا باردى.<br>(بارنابا 151) | ئىرۇسالىم كۆل ياكى دېڭىز بويىدا ئەمەس. |
| ئەيسا پەيغەمبەر شاگىرتلىرى بىلەن بىرگە سىناي تېغىدا چوڭ روزا ( Lent ) تۇتتى. (بارنابا 91،92) | ● مىلادى 4-ئەسىرلەردىن كېيىن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئەيسا مەسىھنىڭ چۆلدە تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى خاتىرلەش ئۈچۈن، تىرىلىش بايرىمىدىن ئىلگىرىكى 40 كۈندە چوڭ روزا (Lent) تۇتىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن.<br>● سىناي تېغى يەھۇدىيە رايونى ۋە جەلىلىيەدىن 4-5 يۈز كىلومىتىر يىراقلىقتا. |

| | |
|---|---|
| پەرسلەر توي قىلمايدىغان موناخلار بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تونلارنى كىيەتتى. ئۇلار ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 9-ئەسىردىن) باشلاپ پەيدا بولغان. (بارنابا 145-150) | پەرسلەر توي قىلمايدىغان موناخلار ئەمەس. ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 135-104 يىللىرى ئارلىقىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. |
| كاھىنلار ئاتقا مىنىپ يۈرەتتى. | ئەيسا مەسىھنىڭ دەۋرىدە كاھىنلار ئاتقا مىنمەيتى. |
| رىم ئىمپىرىيىسى مىسپاختا ھەر بىرسىدە 200 مىڭدىن ئەسكىرى بار 3 قوشۇن يىغىدۇ. (بارنابا 91) | ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل رىم ئىمپىرىيىسىدىمۇ ئاران 300 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى. رىم قوشۇنىدىكى ئەڭ چوڭ ھەربى بىرلىك بولغان (Legion) دا 5-6 مىڭ ئەسكەر بار بولۇپ، بىرلەشمە قوشۇندىكى ئەسكەر سانىمۇ 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيتى. بۇ رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ مۇقىم ھەربى تۈزۈلمىسىدۇر.<br>(بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى) |
| مەريەم ئانا ئەيسا پەيغەمبەرنى توققاندا تولغاق ئازابى تارتمىغان. (بارنابا 3) | ● ئىنجىلدا بۇنداق گەپ يوق. 1278-يىلى ئىتالىيەلىك مەشھور پەيلاسوپ، ئىلاھىيەتشۇناس توماس ئاكۋىناس ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن بۇنداق قاراش مەۋجۇد ئەمەس ئىدى.<br>● قۇرئاندىمۇ مەريەم ئانىنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرنى تۇغقاندا تولغاق ئازابى تارتقانلىقىنى سۆزلىنىدۇ. (قۇرئان 19:23) |
| ھاۋا ئانا جەننەتتە ئالما يەپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن. (بارنابا 40،41) | مەيلى ئىنجىلدا ياكى قۇرئاندا بولسۇن بۇنداق گەپ يوق. بۇ ھىكايە ئوتتورا ئەسىردە ياۋروپادا پەيدا بولغان. |
| ئىككى رەقىب دوئىلغا چۈشتى. (بارنابا 99) | بۇ ئوتتورا ئەسىردىكى ياۋروپادا پەيدا بولغان ئادەت. |

| | |
|---|---|
| دانىيال پەيغەمبەر ئىككى ياش ۋاقتىدا نەبۇقتنەزەر تەرىپىدىن بۇلاپ كىتىلگەن. (بارنابا 80) | دانىيال پەيغەمبەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 621-يىلى تۇغۇلغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 605-يىلى 16 ياش ۋاقتىدا ئەسىرگە چۈشكەن. |
| بىر كىنەز خۇجايىنىغا بىر پارچە جام قەرز بولۇپ قالىدۇ. | بۇ ئوتتورا ئەسىردىكى ياۋرۇپانىڭ ئۆرپ-ئادىتى |
| بىر هۆكۈمەت گۇۋاهچىسى سوتتا دىلونى خاتىرلەيدۇ. | بۇ ئوتتورا ئەسىردىكى ياۋروپادا پەيدا بولغان تۈزۈم |

يوقۇردا كۆرسىتىلگەنلەردىن باشقا، بارنابا ئىنجىلىدا قۇرئان بىلەنمۇ زىت كېلىدىغان يەنە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بار:

• بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلىدۇ (بارنابا 115)، بۇ قۇرئاندىكى ئەر-خوتۇنلۇق تۈزۈمگە ماس كەلمەيدۇ (قۇرئان 4:3).

• قۇرئانىنىڭ بۇرۇنقى ئايەتلىرىنى يېڭى چۈشكەن ئايەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ دەيدىغان «مەنسۇخ» نەزىرىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ (بارنابا 38)، بۇ قۇرئانىنىڭ ئۆزىدىكى تەلىمگە زىت كىلىدۇ (قۇرئان 2:106 ، 16:101).

• ئەركىن ئىرادىنى قوللايدۇ، بۇ ئىسلامىيەتنىڭ «تەقدىرچىلىك» قارىشىغا ماس كەلمەيدىغان بىدئەت قاراشتۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتالمىش بارنابا ئىنجىلى ئوتتورا ئەسىرلەردىن كېيىن توقۇپ چىقىرىلغان ساختا ئىنجىل بولۇپ، توقۇپ چىققۇچىنىڭ سەۋىيىسى ئانچە يوقىرى ئەمەس.